I



# ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 978-7-228-09835-4

9 787228 098354 >

定价：19.00元

1

# ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间谚语．上/《维吾尔民间文学大典》编委会编．－乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978－7－228－09835－4

Ⅰ.维… Ⅱ.维…Ⅲ.维吾尔族－谚语－作品集－中国－维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010495号

策划：阿布都热合满．艾白
艾合买提．伊明

责任编辑：艾合买提．伊明
责任校对：阿布勒孜．阿巴斯 等

**维吾尔民间谚语 — 1**(维吾尔文)
《维吾尔民间文学大典》编委会 编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米 32开本 12.5印张 2插页
2006年2月第1版 2007年3月第2次印刷
印数：4,001–9,000

ISBN 978-7-228-09835-4 定价：19.00元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار


**ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ــ 1**

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 32/1
باسما تاۋىقى: 12.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 4,001—9,000
ISBN 978-7-228-09835-4
باھاسى: 19.00 يۈەن

# ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

ئۈرۈمچى
2006-يىلى

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
# 30 كىتاب نەشردىن چىقتى

## ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى
(2 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. كۆك ياللىق بۆرە | 19.00 يۈەن |
| 2. كۆك گۈمبەز | 19.00 يۈەن |

## ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى
(10 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. بۇلبۇلگويا | 17.00 يۈەن |
| 2. يېرىل تېشىم، يېرىل | 17.00 يۈەن |
| 3. قىلىچ باتۇر | 18.00يۈەن |
| 4. ئەجدىها يىگىت | 17.00 يۈەن |
| 5.كۈمىقاپ پادىشاھنىڭ قىزى | 18.00 يۈەن |
| 6. مېھرى نىقاب | 17.00 يۈەن |
| 7. هۆۋەي باتۇر | 17.00 يۈەن |
| 8. دانىشمەن دىۋانە ۋە ئادىل پادىشاھ | 17.00 يۈەن |
| 9. مەلىكە بەرنا | 17.00 يۈەن |
| 10. بۇقا موزايلاپتۇ | 17.00 يۈەن |

## ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى
(5 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. ئەمىرگۆر ئوغلى | 17.00 يۈەن |
| 2. نۇزۇگۇم | 17.00 يۈەن |
| 3. يۈسۈپ ـ زىلەيخا | 18.00 يۈەن |

4. تاھىر ـ زۆھرە 18.00 يۈەن
5. كاككۇك بىلەن زەينەپ 19.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

(5 كىتاب)

1. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ① 15.00 يۈەن
2. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ② 12.50 يۈەن
3. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ③ 16.50 يۈەن
4. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ④ 16.50 يۈەن
5. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ⑤ 15.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى

(2 كىتاب)

1. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ① 19.00 يۈەن
2. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ② 20.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى** 8.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى** 21.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى** 4.50 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى:** ھېسام چاقچاقلىرى 15.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى** 13.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى** 5.00 يۈەن

**(بۇ بىر يۈرۈش 30 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 480 يۈەن)**

# مۇندەرىجە

ئەل ـ يۇرت توغرىسىدا ........................ 1
سىنىپ، تەبىقە ۋە دوست ـ دۈشمەن توغرىسىدا ... 26
سىياسەت ۋە قانۇن ........................ 62
ئىجتىمائىي كەيپىيات توغرىسىدا ............. 74
ھايات ھېكمەتلىرى ........................ 81
ھەقىقەت ۋە قانۇنىيەت توغرىسىدا ............ 83
ئوي ـ خىيال، تەپەككۇر توغرىسىدا ............ 116
تۇرمۇش ئەمەلىيىتى توغرىسىدا ............... 127
بىلىم توغرىسىدا ........................ 140
ھەق ـ ناھەق توغرىسىدا .................... 163
مۇھەببەت ـ نەپرەت توغرىسىدا .............. 184
گۈزەللىك ۋە سەتلىك توغرىسىدا .............. 191
ئارزۇ ـ ئىستەك توغرىسىدا ................. 196
ئەخلاق ـ پەزىلەت توغرىسىدا ............... 199
ئەقىل ـ پاراسەت توغرىسىدا ................ 212
غەيرەت ـ جاسارەت توغرىسىدا .............. 223
ئۆگىنىش توغرىسىدا ...................... 229
ۋاقىت، ھايات توغرىسىدا .................. 234
باتۇرلۇق، قورقۇنچاقلىق توغرىسىدا .......... 240
كەمتەرلىك، ئەخمەقلىق، مەنمەنچىلىك
توغرىسىدا ............................... 251

ياخشىلىق، يامانلىق توغرىسىدا..........258

راستچىللىق، يالغانچىلىق توغرىسىدا ......273

ئاچ كۆزلۈك، بېخىللىق، سېخىيلىق
توغرىسىدا...................................278

مەردلىك، نامەردلىك توغرىسىدا ..........293

ئېھتىياتچانلىق، ئالدىراڭغۇلۇق توغرىسىدا ..298

ئاقىللىق، نادانلىق توغرىسىدا ..........304

ئەيىب - نۇقسانلار توغرىسىدا ...........322

ئۆملۈك - ئىناقلىق توغرىسىدا..........342

شەخس ۋە ئۆز ئارا مۇناسىۋەت توغرىسىدا...366




# ئەل-يۇرت توغرىسىدا

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،
رەڭگى-روھىڭ سامان بولماس.

ئاتا بالىسى ئەل ئىچىدە تۇغۇلار.

ئاۋات شەھەرىڭدىن
ئەسكى تاملىق يۇرتۇم ياخشى.

ئادەم يۇرت بىلەن ياشار،
ھۆپۈپ قۇرت بىلەن (ياشار).

ئادەم ئۇلۇغ — يەر ئۇلۇغ.

ئانىسى تاشلىغان تاينى بۆرە يەر،
ئېلى تاشلىغان ئەرنى گۆر (يەر).

ئالتۇن چىققان ئۆزگە يەردىن
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆز يەر ياخشى.

ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار،
مۇساپىر ئايلىنىپ يۇرتىنى (تاپار).

ئانا يۇرتنىڭ قوينى كەڭ،
كەمبەغەلنىڭ كۆڭلى (كەڭ).

ئالتۇن قەپەستىن تىكەنلىك ئۇۋا ياخشى.

ئانا يۇرتنىڭ توپىسى — تۇتىيا.

ئاتىنىڭ ھەممىسى تۇلپار بولماس،
قۇشنىڭ ھەممىسى شۇڭقار (بولماس).

ئالما دەرىخىدىن يىراق چۈشمەس.

ئايغىر قاچسا ئۈيۈرىدىن تاپ.

ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغۇچە،
ئەلنىڭ بالىسى بول.

ئادەم يوق جاڭگالدا كاككۇك سايرىماس.

ئايرىلمىغىن ئېلىڭدىن،
قۇۋۋەت كېتەر بېلىڭدىن.

ئەل ئۇچۇن ئۆلسەڭ كۇلۇپ ئۆل.

ئەلنىڭ ھەممىسى ياخشى،
ئۆز ئېلىڭ ھەممىدىن (ياخشى).

ئەلگە يامانلىق تىلىگەننى
ئەل ئىچىگە ئالماس.

ئەلنىڭ ئالدىدا ئەگرىلىك قىلما.

ئەلنىڭ ھىممىتى — دەريا.

ئەل «پۇھ» دېسە بوران چىقار.

ئەر يىگىت ئۆزى ئۇچۇن تۇغۇلۇپ،
ئېلى ئۇچۇن ئۆلەر.

ئەلنىڭ غېمىنى يېگەن ئەر ئۆلمەس.

ئەل بىلەن كېسىلگەن بارماق قانىماس.

ئەل ئۆرۈلسە تاغ چۆرگىلەر.

ئەل سۆيگەننى ئەر سۆيەر.

ئەلدە يوق — ئەردە يوق.

ئەلنى ئالدىغان تورغا چۈشەر.

ئەللىك يىلدا ئەل يېڭىلىنار،
يۈز يىلدا قازان (يېڭىلىنار).

ئەل ئېغىرىنى ئەر كۆتۈرەر،
يۈك ئېغىرىنى يەر (كۆتۈرەر).

ئەل بار يەردە ئەر خار بولماس،
ئەر بار يەردە ئەل خار بولماس.

ئەلدىن ئايرىلغۇچە، جاندىن ئايرىل.

ئەر ئەل بىلەن گۈللىنەر.

ئەرنىڭ ئاتىسى ئەل.

ئەلگە قىلساڭ يامانلىق،
تاپالمايسەن ئامانلىق.

ئەل بەرگەندە دوستۇڭ بولسۇن،
يەر بەرگەندە قوشۇڭ (بولسۇن).

ئەلگە بەرسەڭ ئېشىڭنى،
ئەل سىلايدۇ بېشىڭنى.

ئەر كۆيگەنگە كۆيمە،
ئەل كۆيگەنگە كۆي.

ئەر ئۆز ئېلىدە ياخشى،
گۈل ئۆز يېرىدە (ياخشى).

ئەلنى سۆيگەن خار بولماس،
يەرنى سۆيگەن زار (بولماس).

ئەلگە قىلساڭ مەنمەنلىك،
ماڭغان يولۇڭ تىكەنلىك.

ئەلدىن ئەلگە نەپ،
ئەردىن ئەلگە نەپ.

ئەل ئېيتماس، ئېيتسا خاتا چىقماس.

ئەل نەزىرىدىن چۈشسەڭ،
تۇرغىلى يەر تېپىلماس.

ئەلدىن قالغان ئەر ئەمەس،
دان بەرمىگەن يەر (ئەمەس).

ئەل سۆيمىگەن شاھتىن
خەلق سۆيگەن گاداي ياخشى.

ئەل سۆيمىگەن ئەردىن
گىياھ ئۈنمىگەن يەر ياخشى.

ئەرنىڭ غېمى — ئەلنىڭ غېمى.

ئەل ئامان — شەھىرىڭ ئامان.

ئەل قايان، سەن شۇيان.

ئەل بار يەردە ئەر بار.

ئەل تەۋرىسە يەر تەۋرەر.

ئەركسىز باغنىڭ گۈلى تۇزار،
بۇلبۇلى ئۇزار.

ئەل ئۈچۈن چەكسەڭ جاپا،
ئەل سېنى قىلماس خاپا.

ئەل تىلىكىنى ئەر ئاقلار،
يەر داڭقىنى ئەر ساقلار.

ئەل سىلىسا ئەل ئايىغى،
ئەل سىلىمىسا ئىت يالىقى.

ئەلنى شاد قىلساڭ ئىشىڭنى يەرسەن،
ئەلنى قاقشاتساڭ بېشىڭنى (يەرسەن).

ئەل ئىچى ئالتۇن بۆشۈك.

ئەل ئۇچۇن ئەر كېرەك.

ئەل قوينى جەننەت.

ئەل ئۇچۇن يىغلىمىغان كۆزسىز قالۇر.

ئەل قوزغالسا تەخت قوزغىلار.

ئەل ئىشىغا ھىممەتلىك،
ئەل ئاغزىدا قىممەتلىك.

ئەر يەكلىگەننى ئەل يەكلەر،
ئەل يەكلىگەننى يەر (يەكلەر).

ئەل بىر چىمدىمدىن سالسا كۆپىيىدۇ،
بىر چىمدىمدىن ئالسا سورۇيدۇ.

ئەل بىر پەرياد چەكسە،
سەن مىڭ پەرياد چەك.

ئەل ساڭا غۇنچە تۇتسا، سەن گۇلدەستە تۇت.

ئەلدىن تانغانلىق ــ ئەقىلدىن ئازغانلىق.

ئەل بىلەن ئۆلۈم ــ بەجايىكى توي.

ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك.

ئەل سۆيگەننىڭ يۈزى يورۇق.

ئەل ئۇچۇن ئوتقا چۈشسەڭ كۆيمەيسەن.

ئەل تىنچ، سەن تىنچ.

ئەل كۆكەرسە، ئەر كۆكىرەر.

ئەلدىن ئايرىلغان پادىشاھ ــ قەلەندەر بولۇر.

ئەقلىڭ بولسا يۇرتۇڭنى باي قىل.

ئەل سۆيگەننىڭ ئالدى ئوچۇق،
سۆيمىگەنىنىڭ كەينى (ئوچۇق).

ئەل ياندۇرغان چىراغنى «پۇۋ» دېگەننىڭ ساقىلى كۆيەر.

ئەلنىڭ بالىسى بولساڭ ئەر بولىسەن،
بولمىسا يەر بولىسەن.

ئەل تەختتىن ئايرىلسا، ئەر بەختىدىن ئايرىلار.

ئەل ئامان بولسا، پادىشاھ غەمسىز بولۇر.

ئەل سۆيگەن يەر — مېۋىلىك دەرەخ.

ئەلنىڭ بەختى — ئەرنىڭ بەختى.

ئەلگە قوشۇلغان ماي يۇتار،
ئەلدىن ئايرىلغان قان (يۇتار).

ئەل قويىنغا ئالەم سىغار.

ئەل قوغدىغان ياخشى ئەر.

ئەل ئامانلىقنى تىلەر،
دۈشمەن يامانلىقنى (تىلەر).

ئەل قېرىماس، تاش چىرىماس.

ئەلدىن ئايرىلغاننىڭ ئەلگىكى تۆشۈك.

ئەل قارغىشى — ئوق.

ئەلدىن قاچقان سەلگە ئۇچرار.

ئەلگە جاپا قىلغان — ياۋغا ۋاپا قىلار.

ئەل ئىگىسىز بولماس،
چاپان ياقىسىز (بولماس).

ئەل كىرگەن كېچىكتىن يانما.

ئەر ئۈمىدىنى ئەر ئاقلار،
ئەر داڭقىنى ئەل ساقلار.

ئەلدە ئابرۇيۇڭ بولسا، يۈكۈڭ چۆلدە قالماس.

ئەل بېشىغا كۈن چۈشسە،
ئەل ياراتقان ئەر كېلەر.

ئەل غېمىدە بول، بەختلىك بولىسەن،
ئەل ئارىسىغا چۆك، تەختلىك بولىسەن.

باغدا ئۆسكەن يانتاقنىڭ جېنىغا ۋاي.

باش نەدە، پۇت شۇ يەردە.

باغ مېۋىسى بىلەن ئاۋات،
يۇرت ئادىمى بىلەن (ئاۋات).

بەختىڭنى ئېلىڭدىن سورا.

بەش بارماق ئېغىزغا سىغماس.

بۇلبۇل گۈلنى سۆيەر،
هۇۋقۇش چۆلنى (سۆيەر).

بېلىڭنى سۇندۇرغان، ئېلىڭنى سۇندۇرالماس.

بېشىڭ كۆككە تاقاشسا، خەلقىڭنى يۇلتۇز بىل.

بىر ئەلگە باق،
بىر يەرگە (باق).

بۇلبۇل چۆلدە بولسىمۇ،
چىمەن ئۈچۈن سايرار.

بۇلبۇل باھارنى سۆيەر،
ئادەم يۇرتنى (سۆيەر).

بېلىق سۇدىن ئايرىلماس،
باتۇر ئەلدىن (ئايرىلماس).

بۆدۈنىنىڭ ئۆيى يوق، نەگە بارسا ۋىتىۋىلداق.

بىلمىگەن يەرنىڭ تۆرىدىن
بىلگەن يەرنىڭ پەگاھى ياخشى.

بىر تاردا راۋاب چالغىلى بولماس.

بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما.

بىر ئۆتۈككە ئىككى پۇت سىغماس.

بورانىنىڭ گۈركىرىشىگە تاغ تەۋرىمەس.

بېشى يوقنىڭ ئىشى يوق،
يۇرتى يوقنىڭ جېنى يوق.

بۇلبۇلغا باغ ياخشى،
كەكلىككە تاغ (ياخشى).

بۇلبۇل باغدىن ئايرىلماس،
ئادەم يۇرتىدىن (ئايرىلماس).

پادىشاھلىق ئەل بىلەن،
تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن.

پاقىمۇ سازلىقنى ماختار.

پەرۋانىگە ئوت ياخشى،
پالۋانغا يۇرت (ياخشى).

پۇقرايىڭنى خار قىلما،
كۆڭلۈڭنى تار (قىلما).

پىچاقنىڭ ئىتتىكى سۇدىن ئۆتۈپ لايدا توختار.

پۇتۇڭنىڭ ئۇچىغا قارىغۇچە،
يۇرتۇڭنىڭ ئىچىگە قارا.

تاغدىن يىقىلساڭ يىقىل،
ئەل نەزىرىدىن يىقىلما.

تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز.

تاغ تاغقا قوشۇلماس،
ئەل ئەلگە قوشۇلار.

تەر ئاققۇزساڭ ئەلگە،
پۇركىنىسەن گۈلگە.

تەۋرەپ كەتكەن ئەلدىن قورق،
يامراپ كەلگەن سەلدىن (قورق).

تىرىككە يۇرت كېرەك،
ئۆلۈككە دۇرۇت (كېرەك).

تورغاينىڭ جەننىتى يانتاق تۈۋىدە.

توشقان چۆلگە تارتار،
پاقا كۆلگە (تارتار).

توپنى ئۆرلەتكەن يەل،
باتۇرنى ئۆستۇرگەن ئەل.

تۇغۇلغان يەرنىڭ تېشى ئالتۇن، سۈيى گۆھەر.

تۇغۇلغان يېرىڭگە تۇغۇڭنى تىكلە.

توشقانغا تۇغۇلغان تۆپىلىكى ياخشى.

تاغ كۆركى — تاش،
ئەل كۆركى — ياش.

تۇغۇلغان يەردىن تۇرغان يەر ئەلا،
تۇرغان يەردىن تۇغۇلغان يەر (ئەلا).

توغۇلغان يەرنىڭ كۆنىمۇ ئىسسىق،
تۇنىمۇ ئىسسىق.

تومۇرۇڭدا ۋەتەننىڭ قېنى،
دىمىغىڭدا ۋەتەننىڭ ھىدى.

توپىنى تونۇمىغان ئات بولماس،
ئەلنى تونۇمىغان ئەر (بولماس).

توخۇنىڭ چۇشىگە تېرىق كىرەر.

تورغايمۇ يانتاقلىقىنى ماختار.

تويغان يەردىن تۇغۇلغان يۇرت ياخشى.

تۆرەلگەن يۇرتتىن كۆڭۈل ئۈزۈلمەس،
يۇرت كۆرگەننىڭ يۇرتى بۇزۇلماس.

جايى يوقنىڭ جېنى يوق.

جاندىن كەچسەڭ كەچ،
يۇرتۇڭدىن كەچمە.

چەتكە چىقساڭ چەتنەپ كېتەرسەن.

خانسىز ئەل — ئىگىسىز ئۆي.

خەقنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول.

دەرەخ يىلتىزى بىلەن ياشار،
ئادەم ئۆز ئېلى بىلەن (ياشار).

دەرەخ قانچە ئېگىز بولغىنى بىلەن
تۇپراقتىن ئايرىلالماس.

دەردى بار بوستاندىن
دەردى يوق چۆل ياخشى.

دېھقاننىڭ ئوبدىنى چامغۇر تېرىيدۇ،
ئادەمنىڭ ياخشىسى يۇرتىدا قېرىيدۇ.

دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق،
ئەل سۆيگەننىڭ يولى ئوچۇق.

دىتسىز مىنگىلى ئۇلاغ تاپالماس،
ئەل نەزىرىدىن چۈشكەن روناق (تاپالماس).

دىندىن چىقساڭمۇ ئەلدىن چىقما.

دۈشمەننىڭ قارغىشىدىن قورقما،
ئەلنىڭ رەنجىشىدىن قورق.

زېمىن چىرىماس،
ئەل قېرىماس.

ساداقەتمەن بول ئېلىڭگە،
ھەمدەم بولۇر غېمىڭگە.

سەل سۈپۈرسە ساي قالار،
ئەل سۈپۈرسە نېمە قالار؟

سەركەردە ئەل ئىچىدە تونۇلار.

سەن ئەقىلگە باي بولساڭ،
يۇرتۇڭ نامغا باي بولۇر.

سۇ بولمىسا ئاشلىق يوق،
ئەل بولمىسا باشلىق (يوق).

سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق،
ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى (يوق).

سۇندۇكىنىڭ ئۇچۇشى ئېگىز ـ پەس بولغان بىلەن،
بارىدىغان يېرى يەنىلا ئۆز ئۇۋىسى.

سۈت قايمىقى بىلەن،
ئەل ئايمىقى بىلەن.

سۇدا بېلىقنىڭ ئىزى يوق،
ۋەتەنسىزنىڭ يۈزى (يوق).

غېمىڭ ئەلدە بولسا، ئۆمرۈڭ ئۇزار،
غېمىڭ ئۆزۈڭدە بولسا، بەختىڭ تۇزار.

غېرىچسىز غۇلاچ كەرمە،
ماكانسىز كۆكرەك (كەرمە).

قازاندا نېمە بولسا،
چۆمۈچكە شۇ چىقار.

قاچقان سالپىيىپ كېلۇر،
كەتكەن خار بولۇپ (كېلۇر).

قەرز ئېلىپ بەرمىگىنىڭنى كۆرەي،
تۇغۇلۇپ ئۆلمىگىنىڭنى (كۆرەي).

قولۇڭدىن كەلسە ئەلدىن ئايىما.

قۇزغۇنغا تاغ ياخشى،
بۇلبۇلغا باغ (ياخشى).

قۇش ئۇۋىسىنى قەدىرلەر.

قۇرۇق ياغاچ ئېگىلمەس،
ئېگىلسە سۇنار.

قۇلاقنى ئاڭلاشقا ياراتقان،
كۆزنى كۆرۈشكە (ياراتقان).

قۇش ئۇۋىسىنى ئۇنتالماس،
ئادەم ۋەتىنىنى (ئۇنتالماس).

قۇش قېرىسا، ئۆز يۇرتىغا يانار.

قۇش ئاسماندا ئۇچسىمۇ، سايىسى يەرگە چۈشەر.

قىرسىز ئىپتىز يەر بولماس،
ئەل سۆيمىگەن ئەر بولماس.

قىياندىن تامچە يامان،
تاياقتىن قامچا (يامان).

كالا كۆك چۆپ يېگەن بىلەن، ئاق سۈت بېرەر.

كەلكۈندىن قورقمىساڭمۇ، ئەلدىن قورق.

كۆنمىگەن يۇرت زىنداننچە بار،
مىنمىگەن ئات يولۋاسچە (بار).

كۆيۈشلۈك ئەرنى ئەل خارلىماس.

كۆلدە يۈرگەن ئۆردەك چۆل قەدرىنى بىلمەس.

كۆزسىز ياشىساڭمۇ،
ئەلسىز ياشىيالمايسەن.

كۆپنىڭ غېمىنى يېگەننىڭ نېنى پۈتۈن.

كۆكۈنەك ئۆز دەرياسىدا غاز ئالار،
باشقا يەردە بېشى، كۆزى تاز بولار.

كۈچۈڭنى يەرگە ئىشلەت،
بىلىمىڭنى ئەلگە (ئىشلەت).

كىشى تۇغۇلغان يېرىدە ئەزىز،
تاش چۈشكەن يېرىدە (ئەزىز).

كىشى يۇرتىدا ئامبال بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا ئابدال بول.

كىشىنىڭ ئوردىسىدىن
ئۆزۈمنىڭ توپىسى ياخشى.

كىشىنىڭ يۇرتىدا باش بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا تاش بول.

كىشى يۇرتىدا پاختىدا ياتقۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا تاختىدا يات.

كىشىنىڭ قولىدا كىشى ئۆسمەس،
كىشىنىڭ يۇرتىدا كۆڭۈل (ئۆسمەس).

گەپ دېگەننىڭ تۇرغۇچى بار،
يۇرت دېگەننىڭ قۇرغۇچىسى (بار).

مەسچىتنىڭ يىراق بولسا بولسۇن،
مازىرىڭ يېقىن بولسۇن.

مۇساپىر ئىتنىڭ قۇيرۇقى ئىچكىرى.

مېلى يوق دەپ ئەردىن قاچما،
چۆپى يوق دەپ يەردىن (قاچما).

نان بىر يۇزىدە پىشماس،
جاھان بىر ئىزىدا تۇرماس.

ھارۋا ماڭغان يول تار بولماس،
يۇرتنى سۆيگەن كىشى خار (بولماس).

ھۆپۈپكىمۇ ئۆز ماكانى ئەزىز.

ئورنىدا بولسا ئوت ئۇنەر.

ئۇلاغ تويغان يېرىگە تارتار،
يىگىت تۇغۇلغان يېرىگە (تارتار).

ئۆلۈمنى ئويلىما، ئېلىڭنى ئويلا.

ئۆيسىز ئەر — گىياھسىز يەر.

ئۆي تاپقۇچە يۇرت تاپ.

ئۆز ئېلىڭدا بولسا لايىقىڭ،
ئۆزگە يۇرتقا بارماس ئايىغىڭ.

ئۆز ئېلىڭنىڭ غېمىنى يە،
ھالال ئىشلەپ نېنىنى يە.

ئۆز يۇرتۇڭ قەيەردە بولسا،
جەننەت شۇ يەردە.

ئۆيدىن ئاغرىنىپ يۇرتنى تاشلاپتۇ،
سەرگەردان بولۇپ كۆزنى ياشلاپتۇ.

ئۆزۈڭ ئۇچۇن كۇل،
يۇرتۇڭ ئۇچۇن ئۆل.

ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى،
پۇت ـ قولۇمنىڭ بوشلۇقى.

ئۆزىنى ئويلىغان يادار،
ئەلنى ئويلىغان ياشار.

ئۆز يۇرتۇڭنىڭ سۈيى ياخشى،
ئاچلاي دېسەڭ كۈيى (ياخشى).

ئۆيۈڭدىن ئايرىلساڭمۇ ئېلىڭدىن ئايرىلما.

ئۆز يۇرتۇڭدا ۋاپا كۆرسەن،
ياقا يۇرتتا جاپا (كۆرسەن).

ئۆز ئېلىڭنىڭ نېنىنى يە،
كېچە ـ كۈندۈز غېمىنى يە.

ئۆز يۇرت ــ تۇغقان ئانا،
ياقا يۇرت ــ ئۆگەي ئانا.

ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ كەتكەن بارمۇ،
كېتىپ مۇرادىغا يەتكەن بارمۇ؟

ئۆز يۇرتۇڭدا خارلانغۇچە،
كىشى يۇرتىدا مۇساپىر بول.

ئۆگەنمىگەن بېھىشتىن ئۆگەنگەن دوزاخ ياخشى.

ئۆگرىنى تاشلاپ تالقان يەپتۇ،
يۇرتىنى تاشلاپ ئارمان يەپتۇ.

ۋەتەنسىزنىڭ گۆرى تار.

ۋەتەنگە كەلگەن ئىمانغا كىلەر.

ۋەتەنگە خىيانەت —
كەچۈرگۈسىز جىنايەت.

ۋەتەن گاداسى — كىپەن گاداسى.

ۋەتەنسىز كىشى — ناخشىسىز بۇلبۇل.

ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈگەن نومۇستىن ئۆلەر.

ئېلىنى ساتقان — ئىت يالىقىدا ئاش ئىچەر.

ئېرىقى قۇرۇسا، بېلىقى ساق قالماس.

ئېلىنى ساتقاننىڭ ئۆمرى قىسقا.

ئېرىڭ بىلەن چىقىشقۇچە،
ئېلىڭ بىلەن چىقىش.

ئېلى ئامان ئاچ قالماس.

ئېسىڭنىڭ باردا ئەلنى تونۇ،
كۈچۈڭنىڭ باردا يەرنى يونۇ.

ئېلىدىن بەزگەن ئەر ئوڭماس.

ئېگىز تاغنى يەر كۆتۈرەر،
يۇرت نامىنى ئەر (كۆتۈرەر).

ئىت تويغان جايىدا تۇرار،
قۇش قونغان جايىدا (تۇرار).

ئىچكەن سۇيۇڭنى ئاچچىق دېمە،
ياتقان يېرىڭنى قاتتىق (دېمە).

ئىناق ئەلدە رەھىم كۆپ،
ئىناقسىز ئەلدە ۋەھىمە (كۆپ).

ئىناق ئەلدە قاياش كۆپ،
ئىناقسىز ئەلدە تالاش (كۆپ).

ئىت ئىگىسى بىلەن كۈچلۈك.

ئىتمۇ ئۆز كوچىسىدا ئۆزىنى شىر ھېسابلار.

ئىت ئۇۋىسىدا كۈچلۈك.

ياتقا بەرسەڭ ئېشىڭنى،
ئىت يالايدۇ بېشىڭنى.

يەر ـــ ئالتۇن قوزۇق.

يولدىن ئازسىمۇ يۇرتتىن ئازماپتۇ.

يولدىن چىقساڭ چىق،
ئەلدىن چىقما.

يۇرتىغا پاتمىغان جاھانغا پاتماس.

يۇرتتىن ئايرىلساڭ يۇرت قەدرىنى بىلىسەن.

يۇرتتىن كەچكەن نومۇستىن ئۆلەر.

يۇرت تويمىغۇچە ئەل تويماس.

يۇرتنى يۇدۇپ بولماس.

يۇرت كۆرگەندە يۇرتۇڭنى ئەسلە،
ئەل كۆرگەندە ئېلىڭنى (ئەسلە).

يۇرتتا تەڭسىزلىك بولسا، كۆڭۈل ئەنسىزلىكتە قالۇر.

يۇرتىدىن بەزگەن دۈشمەن قولىدا ئۆلەر.

يۇرتۇڭ ئاۋات بولسا،
تۇرمۇشۇڭ ناۋات بولۇر.

يۇرت بولسا، ئالۋان بولمىسا،
تىنچ بولسا، مالىمان بولمىسا.

يۇرتىدىن بەزگەن يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەك.
يۇرتۇڭدا نېمە بارلىقىنى باشقا يۇرتتىن سورا.

يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن،
قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن.

يۇرت سۆيگەن ئەر ــ سايىسى بار دەرەخ.

يۇرتى يوققا قەبرە تېپىلماس.

يۇرت سۇيى مۇردىغا جان كىرگۈزەر.

يۇرتۇڭ ۋەيران ــ ئۆزۈڭ ۋەيران.

يۇرت كۆرگەن يۇرت قەدرىنى بىلۇر.

يۇرت ئامان مەنمۇ ئامان،
ئەل بولمىسا رەڭگىم سامان.

يۇرتى باينىڭ ئۆزى باي.

يۇرت ئېتىكى كەڭ.

يېرىدىن ئايرىلغان يەتتە يىل يىغلار،
يۇرتىدىن ئايرىلغان يەتمىش يىل (يىغلار).

يېرى بارنىڭ ئېتى بار.

يېرى بارنى يەر باقار،
يەر باقمىسا ئەل باقار.

يېتىمنىڭ ئىگىسى ئەل - يۇرت.

يەر بايلىقى بولمىسا،
ئەل بايلىقى بولماس.

ياقا يۇرتنىڭ پەرىشتىسىدىن
ئۆز يۇرتنىڭ جىنى ياخشى.

يالغۇزچىلىق كىشى يۇرتىدا بىلىنەر.

يارنىڭنى گۈل ئارىسىدىن ئىزدە،
ئەركىكنى ئەل ئارىسىدىن (ئىزدە).

يات يۇرتتا ياقاڭ يىرتىلار.

يات يۇرتتا تورغاي سايرىماس.

ياخشى كىشىنىڭ قەدرى ئۆلگەندە بىلىنەر،
ياخشى يۇرتنىڭ قەدرى كۆچكەندە (بىلىنەر).

ياخشى ئاتنىڭ تېرىسى كۆن بولۇر،
قېيىش بولماس.
ياخشى ئەلنىڭ بالىسى خاراب بولۇر،
قۇل بولماس.

ياخشى ئەر ئەلگە ئورتاق،
يامان ئەر مالغا ئورتاق.

يولۋاس ئىنىدا كۈچلۈك.

# سىنىپ، تەبىقە ۋە دوست - دۈشمەن توغرىسىدا

ئادەم بۆرىنى تونۇغان بىلەن،
بۆرە ئادەمنى تونۇماس.

ئارپىبەدىيان ئىچمىگەنلەر ئەمدى ئىچتى چاي،
تەخەي - خوتەك مىنمىگەنلەر ئەمدى مىندى تاي.

ئاتساڭ ياۋ ئۆلەر،
ياتساڭ ياۋ كۈلەر.

ئالىقانغا تۈك ئۈنسە،
باي غوجام دېھقانغا يەر دەپ بېرەر.

ئات دۈشمىنى قامچىدۇر،
قولدا تۇرۇپ بىلىنمەس.
ئەر دۈشمىنى خوتۇندۇر،
ياندا تۇرۇپ بىلىنمەس.

ئاشكارا دۈشمەن ئالدىڭنى تورايدۇ،
يوشۇرۇن دۈشمەن ئارقاڭنى ئورايدۇ.

ئاتنىڭ ئوبدىنى يورغا،
ئادەمنىڭ ئەسكىسى دورغا.

ئاغزىدا كۆلكە ـ چاقچاق،
قويىنىدا پالتا ـ پىچاق.

ئات ياغىسى قامچىدۇر،
ياندا ئۆچۈن بىلىنمەس.

ئەل ياغىسى كېسەلدۇر،
تەندە ئۆچۈن بىلىنمەس.

ئاتنىڭ تەپكىنى ئار ئەمەس،
ئېشەكنىڭ تەپكىنى ئار.

ئالدىدىكى ئۆزنى كۆرمەي،
يىراقتىكى ياتنى كۆرۈپتۇ.

ئاق ئىتمۇ چىشلەيدۇ،
قارا ئىتمۇ چىشلەيدۇ.

ئات ئۆلسە ئىتنىڭ تويى بولۇر.

ئارقاڭدىكى دۈشمەن، ئالدىڭدىكى دوست.

ئاتاڭ يودو، سەن ئەخمەق،
سەندە نېمە يوغان دىماغ.

ئاجىزنىڭ بىلىكى تاپسا كۈچ،
باشقىلارغا كۆتۈرەر مۇشت.

ئاتا دۇشمىنىنى ئۆزۈڭگە دوست تۇتما.

ئارپا ئۇنىدا ئاش بولماس،
دىلى مايماق دوست (بولماس).

ئاقىل دوستىنى ماختار،
يامان ئۆزىنى (ماختار).

ئادەمدىن ئىش چىققاندا دۇشمەن كۆپىيەر.

ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق.

ئەل ئامانلىق تىلەر،
دۇشمەن يامانلىق (تىلەر).

ئەجىلى يەتكەن قۇزغۇن
قارچىغا بىلەن ئوينىشار.

ئەركەك ئىت قانجۇقنى تالىماس.

ئەلنىڭ جېنى چىقسا،
گالۋاڭنىڭ كۇلگۇسى كېلەر.

ئەمىلى يوقنىڭ غېمى يوق.

ئەيىبسىز دوست ئىزدىگەن دوستسىز قالار.

ئەمەل تۇتمىغاندا قىلتاقچى كۆپ،
ئەمەل تۇتقاندا خۇشامەتچى (كۆپ).

ئەمەلدارنىڭ ياخشىلىقى ياغ،
يامانلىقى داغ.

بايغا بولسا كۈندە بايرام، كۈندە توي،
كەمبەغەلگە كۈندە ئەلەم، كۈندە ئوي.

باي مېلىنى سۆزلەر،
يوقسۇل مۈڭىنى (سۆزلەر).

بايدىن ئەمەلدار چىقسا،
كەمبەغەلدىن دانا چىقار.

باينىڭ كېلىنى بولغۇچە،
كەمبەغەلنىڭ قىزى بول.

باينى مال باسار،
كەمبەغەلنى بالا (باسار).

باينىڭ بالىسى بازارغا يېقىن،
كەمبەغەلنىڭ بالىسى بالاغا (يېقىن).

باي كىيسە «مۇبارەك بولسۇن»،
كەمبەغەل كىيسە «نەدىن ئالدىڭ».

باينىڭ بالىسىمۇ ئەركە، كالىسىمۇ ئەركە.

باينىڭ تۆگىچىسى بولساڭ قوۋ بولسەن،
قويچىسى بولساڭ قول (بولسەن).

باينىڭ خوتۇنى ئۆلسە ئورنى يېڭىلىنار،
گادايىنىڭ خوتۇنى ئۆلسە بېشى گاڭگىرار.

باي بايغا باقار،
سۇ سايغا (ئاقار).

باينىڭ قېشىدا گاداي ئوڭماس،
تۇغان بېشىدا دەرەخ (ئوڭماس).

باينىڭ ئارغامچىسى بولسا،
كەمبەغەلنىڭ كۆلاسى بار.

باينىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئوغرىنى بىرنى تەپ،
كەمبەغەلنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئوغرىنى مىڭنى (تەپ).

باي بىلەن ئىشلەمچىنىڭ كۆنى تەڭ يورۇيدۇ.

بايدىن ئاياق سورىساڭ،
ئۇ ساڭا تاياق بېرەر.

باي بالىسى ئون بەشكە كىردى، باش بولدى،
كەمبەغەلنىڭ بالىسى ئوتتۇزدىمۇ ياش بولدى.

باي، كۆتىگە بەش پاتمان لاي.

بايدىن بالا ـ قازا قورقار.

باينىڭ قىزى چۆمۈچ تۇتسا قولى قاپىرار.

بايغا ئامەت كەلسە،
بۇقىسىمۇ تۇغار.

باينىڭ سېۋىتىدە سۇ توختار.

بالدۇر شاپتۇل تەكە[1] بولۇر،
باي بالىسى ئەركە (بولۇر).

بايدىن ئەما چىقىپتۇ،
كەمبەغەلدىن دانا (چىقىپتۇ).

بەگ قويىندا مىدىرلىغۇچە،
قۇل قويىندا قۇترىساڭچۇ.

بۆرىنى قانچە باقساڭمۇ،
ئىككى كۆزى جاڭگالدا.

بۆرىنىڭ بالىسى هامان بۆرە.

بېگىمنىڭ يېرى ئاق قالماس،
قونىقى كۆك قالماس.

---

① تەكە ــ ئۆرۈك بىلەن تەڭ دېگۈدەك پىشىدىغان، خۇۋەينە ئۆرۈكنىڭ چوڭلۇقىدىكى ئانچە ئەتلىك بولمىغان شاپتۇل.

بېگى يەكلىگەننى ئەل يەكلەر.

بۆيىنىڭ تۇۋىمۇ بۇيا، ئۇچىمۇ بۇيا.

بۆرە بار يەردە قان بار.

بۆرىمۇ دوستىغا قەست قىلماس.

بۆرىنى يوقاتماي، پادىنى ئاۋۇتقىلى بولماس.

بېشىڭغا بالا كەلسە، چىشىڭمۇ دۈشمەن چىقار.

بېشى مىجىلغان يىلان قۇيرۇقىنى
هەر تەرەپكە ئۇرار.

بۆرە سەمرىسىمۇ
قوي يەيدىغان خۇيى ئۆزگەرمەس.

بۇلاڭچىنىڭ نەپسى تويماس،
قاراقچىنىڭ قارنى (تويماس).

بىلىكىڭ توم بولسا،
دۈشمىنىڭ سالامغا كېلەر.

بىر سېسىق ئالما مىڭ ئالمىنى سېسىتار.

بۆرە تاغقا يۈگۈرەر،
قوي باغقا (يۈگۈرەر).

بۆركۆتنىڭ چاڭگىلى بولسا،
تۈلكىنىڭ خۇداسى بار.

بېشى يوغان بەگ بولۇر،
پۇتى يوغان قۇل (بولۇر).

بىر گۆرگە سۇ كىرسە،
مىڭ گۆردە ئەنسىزچىلىك بولۇر.

بىر ماڭغانغا يول بولماس،
بىر سۆيگەنگە دوست (بولماس).

بېگىم چىقتى ئوردىدىن،
قورقۇپ كەتتىم دورغىدىن.

بىرى ئالتۇن تاۋاقتا نان بېرەر،
بىرى ئاچلىق دەردىدە جان (بېرەر).

بۆرىنىڭ خىرىس قىلىشىدىن،
تۈلكىنىڭ ھىجىيىشى يامان.

بۇلۇتنىڭ قەدرى يوق ئاينىڭ يېنىدا،
پېقىرنىڭ قەدرى يوق باينىڭ يېنىدا.

بۆرىنىڭ نەپسى يامان،
تۈلكىنىڭ ھىيلىسى (يامان).

پادىشاھ گاداي بولسا، پادىشاھلىقنى قويماس،
گاداي پادىشاھ بولسا، گادايلىقنى (قويماس).

پادا باقاندا دوست ئىدۇق،
ياخاق چاقاندا ئايرىلدۇق.

پادىشاھنىڭ خوتۇنى خىزىردىن چوڭ،
بالىسى ۋەزىردىن (چوڭ).

پاختىلىق ئىشتاننىڭ پېتى يامان،
يېگى باينىڭ ئېتى (يامان).

پۇل دۇشمەننى دوست قىلار،
دوستنى دۇشمەن قىلار.

پۇراقسىز گۈلدىن غازاڭ ياخشى،
ۋاپاسىز دوستتىن سازاڭ ياخشى.

تاينى باقساڭ ئات بولار،
بۆرىنى باقساڭ يات (بولار).

تازىنىڭ نېمىسى بار، تۆمۈر تارغىقى.

تادان تۇلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار.

تۇل خوتۇننىڭ چۈشگە ئەر كىرەر،
پومپىشچىكنىڭ چۈشگە يەر (كىرەر).

تېگى دۇشمەن دوست ئەمەس،
ئۇچەي، قېرىن گۆش ئەمەس.

تۆرۆپ ئۆلگۆچە، ئۆرۆپ ئۆل.

توشقان دۆڭگە چىقسا قۇش يەر،
يىتىم دۆڭگە چىقسا مۇشت (يەر).

تۈلكىنىڭ تۇكى ئۆزىگە دۈشمەن.

تىللىغىلى بولماس غوجىنى،
خۇدا ئۇرسۇن غوجىنى.

تۆمۈرچى تۆمۈرچى بىلەن دوست.

تېرەڭدە داپ ئېتىمەن،
سۆڭىكىڭدە ساپ (ئېتىمەن).

تېجىمەل كېپەن تاپسا ئۆلۈۋالار.

تىغنى دۈشمىنىڭگە سالمىساڭ،
ئۆز كۆكسۈڭگە سانجىلار.

توڭگۇز دۇمبا بىلەن سەمرەر.

تېرە ئاش يەيدۇ،
خائىن باش (يەيدۇ).

توڭگۇزنىڭ بىر تال تۈكىنى يۇلغىنىڭ يۇلغان.

تۆگە يوغان بولسىمۇ شويىندا باغلىنار،
ئىت كىچىك بولسىمۇ زەنجىردە (باغلىنار).

تۆھمەتخورنىڭ يۈزى يوق،
تاپمايدىغان سۆزى (يوق).

تىكەننىڭ زەھىرى تېشىدا،
دۈشمەننىڭ زەھىرى ئىچىدە.

توڭگۈز قوي بولماس،
دۈشمەن ئۆز بولماس.

جان دوستۇڭ جېنىدىن كېچەر،
مال دوستۇڭ مېلىدىن كەچمەس.

جاللاتنىڭ ناماز ئوقۇغىنىدىن
غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقىنى ياخشى.

جەڭدە ئۆلۈشنى كۈتمە، ئۆلتۈرۈشنى كۈت.

جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا.

چاشقانغا قىيىن،
مۈشۈككە ئويۇن.

چايان كېسەكنىڭ ئاستىدا.

چايانىنىڭ يالغۇزغىنى — تېنىڭنى چاققىنى،
دۈشمەننىڭ يالغۇزغىنى — دىلىڭنى چاققىنى.

چاشقان تۇزاق ئاستىدىكى ئوزۇقنىمۇ يەيدۇ.

چىراغ ئۆچەرىدە پارلار،
دۈشمەن ئۆلەرىدە قۇترار.

چىۋىننى مەيلىگە قويۇۋەتسەڭ ئېشىڭغا چىچار.

چېچىمدىن تولا خوجايىن،
قايسىبىرىدىن قورقاي؟

خان غوجامدىن شە كېتىدۇ،
ئامبىلىڭدىن ھە (كېتىدۇ).

خاننىڭ ھۆرمىتى پۇقرا بىلەن.

خېنىم سۇغا چىقسا،
ئارقىسىدىن غوۋغا چىقار.

خىرىس قىلغان ئىت چىشلىمەي قالماس.

خىرىس قىلغان يولۋاستىن،
كۈلۈپ تۇرغان دۈشمەن يامان.

خوي قۇتۇلدۇم سەن تازدىن،
قۇتۇلمىغايسەن مەن تازدىن.

خوتۇننىڭ دۈشمەنلىكى
مىڭ دۈشمەندىن يامان.

خورازنىڭ قۇيرۇقى تاجىسىغا يەتمەس.

دەلۋىنىڭ ئاپتىپىغا ئالدانما،
دۈشمەننىڭ كۈلكىسىگە (ئالدانما).

دوستۇڭنىڭ قەستىدىنمۇ ساقلان،
دۈشمىنىڭنىڭ دوستىدىنمۇ ساقلان.

دوستۇڭغا پۇل بەرگۈچە، ئەقىل بەر.

دوست تاپاي دېسەڭ قىساسكار بولما.

دوست بول سىرىنى بىلىپ،
باشلاپ بارار يېرىنى بىلىپ.

دوستۇڭنىڭ ئاز بولۇشىدىن قورقما،
ۋاپاسىز بولۇشىدىن قورق.

دوستۇڭغا پىچاق تىققۇچە،
پوستۇڭغا سامان تىق.

دوپپامنىڭ قوندۇرۇلۇشىغا قارىما،
ماڭلىيىمنىڭ يۇلتۇزىغا قارا.

دوستۇڭنىڭ يېرىگە سۆڭەك تاشلا،
دۈشمىنىڭنىڭ يېرىگە لاتا (تاشلا).

دوستۇڭنى سىنىماقچى بولساڭ،
قازىلىقتىن چۈشكەندە سىنا.

دوست بولمىغىن قېرىغا،
ئۆي ـ ماكانى نېرىغا.

دوستنىڭ سۆزىنى تاشلىما،
تاشلاپ بېشىڭنى قاشلىما.

دوستۇڭغا نەسىھەت قىل،
ئۇنىمىسا يىراق تۇر.

دۇنيا ئىشىنى ئاخىرەتكە قويما.

دۈشمىنىڭ ئۆلسە ھازا تۇتما،
ۋاپاسىزدىن دوست تۇتما.

دۈشمىنىڭگە ئۆي بەرمە،
چىلانلىققا يەر (بەرمە).

دۈشمىنىڭنى يېنىڭغا يولاتما،
قارىياغاچنى بېغىڭغا (يولاتما).

دۈشمەنگە جېنىڭنى بەرسەڭمۇ، سىرىڭنى بەرمە.

دۈشمەنگە ئۆلۈم تىلىگۈچە،
ئۆزۈڭگە ئۆمۈر تىلە.

دۈشمەن نېمە دېمەيدۇ،
چۈشكە نېمە كىرمەيدۇ.

دوستنىڭ دوستلۇقى ھەر يەردە تېگەر،
دۈشمەننىڭ دۈشمەنلىكى تار يەردە تېگەر.

دوست قىچقارسا قالما،
دۈشمەن قىچقارسا بارما.

دوستقا ئىناق بول،
دۈشمەندىن يىراق بول.

دوستنىڭ كۆلگىنى ياخشى،
دۈشمەننىڭ ئۆلگىنى (ياخشى).

دوستنىڭ تەنىسى جاندىن ئۆتەر،
دۈشمەننىڭ تەنىسى ياندىن (ئۆتەر).

دوستقا مۇھەببەت،
دۈشمەنگە نەپرەت.

دۈشمىنىڭ چاشقانچە بولسا،
كۆچۈڭ يولۋاسچە بولسۇن.

دوستۇڭغا دەرد كەلسە،
دۈشمىنىڭنىڭ تويى بولۇر.

دوستۇڭغا جاپا قىلما،
دۈشمىنىڭگە ۋاپا (قىلما).

دوستنىڭ كۆڭلى قالغۇچە،
دۈشمەننىڭ بوينى ئۈزۈلسۇن.

دوست تىنچلىق تىلەيدۇ،
دۈشمەن پىچاق بىلەيدۇ.

دۈشمىنىڭگە شەپقەت قىلغىنىڭ،
ئۆزۈڭگە كۈلپەت قىلغىنىڭ.

دۈشمەن قەست قىلار،
دوست قۇتۇلدۇرار.

دۈشمىنىڭ يامان بولسا ماختاپ ئۆلتۈر.

دوستۇڭ مىڭ بولسىمۇ ئاز بولغىنى،
دۈشمىنىڭ بىر بولسىمۇ كۆپ بولغىنى.

دوست كەينىڭدە ماختار،
دۈشمەن ئالدىڭدا (ماختار).

دوست باشقا قارار،
دۈشمەن ئاياغقا (قارار).

دۈشمەن سىرىڭنى ئوغرىلار،
دوست خاتايىڭنى توغرىلار.

دوستۇڭ ياراشتۇرار،
دۈشمىنىڭ تالاشتۇرار.

دوستۇڭدىن سىر ساقلىما، بىلگۈسى كېلۈر.
دۈشمىنىڭگە دەرد تۆكمە، كۈلگۈسى كېلۈر.

دۈشمەنىڭنى سەرسان قىل،
مۈشكۈلۈڭنى ئاسان قىل.

دۈشمەندىن شەپقەت كۈتمە.

دۈشمەنىڭنى دوست دېمە،
يوقلاپ كەلسە خوش (دېمە).

دۈشمەنىڭ كىم؟
«قولۇڭ»غا ئۇرغىنى.

دوست يىغلىتىپ ئېيتار،
دۈشمەن كۈلدۈرۈپ (ئېيتار).

دۈشمەنىڭنىڭ كۈلگىنى —
مەقسىتىڭنى بىلگىنى.

دوستتىن يامانلىغان ئەقلىنىڭ يوقلۇقى،
تاماقتىن يامانلىغان قورساقنىڭ توقلۇقى.

دۈشمەنگە ئىت بىلەن پىت بولدى،
دوستقا توي بىلەن ھېيت (بولدى).

دوستۇڭغا قاپاق تۈرگۈچە،
دۈشمەنىڭگە مۈشتۈڭنى تۈگ.

دوست ئۈچۈن كۆڭلۈڭنى دەريا قىل،
دۈشمەن ئۈچۈن كىرپىكىڭنى ئوقيا (قىل).

دوستۇڭغا قەرزدار بولساڭمۇ،
دۈشمىنىڭنى قۇل قىل.

دوستۇڭ ھومايسا كۆلۈپ قوي،
دۈشمىنىڭ ھومايسا بىلىپ قوي.

دۈشمىنىڭنىڭ ئىززىتىنى قىلغۇچە،
دوستۇڭنىڭ خىزمىتىنى قىل.

دوستلار ئارا ئاداۋەت —
دۈشمەن ئۈچۈن تاپاۋەت.

دوستۇڭنى ئاياشنى بىل،
دۈشمىنىڭنى ساۋاشنى (بىل).

دۈشمەن بولسا يېنىڭدا،
زەھەر بولۇر نېنىڭدا.

دۈشمەن تاپسا ئامانلىق،
ئەلگە قىلار يامانلىق.

دوست قۇچاقلىشىپ ئۆلەر،
دۈشمەن پىچاقلىشىپ (ئۆلەر).

دوستقا قىلساڭ يانىدۇ،
دۈشمەنگە قىلساڭ تانىدۇ.

دوستۇڭ شادلىنار كۈلگىنىڭدە،
دۈشمىنىڭ شادلىنار ئۆلگىنىڭدە.

دوستۇڭنى شاد قىل،
دۈشمىنىڭنى مات (قىل).

دۈشمەننىڭ ئالدىشىغا ئىشەنمە،
مەدداھنىڭ ماختىشىغا (ئىشەنمە).

دوستۇڭغا سىر ئېيتساڭ ئىچىدە بىلەر،
دۈشمىنىڭگە سىر ئېيتساڭ ھىجىيىپ كۈلەر.

دوست ئەقىل تاپسا دوست ئىزدەر،
دۈشمەن ئەقىل تاپسا قان ئىزدەر.

دوستنىڭ ئېشى پىشقۇچە،
دۈشمەننىڭ ئوغىسى قاينار.

دوستنىڭ كۆلگىنى گۆھەر،
دۈشمەننىڭ كۆلگىنى زەھەر.

دوستۇڭنىڭ سانىنى بىلەي دېسەڭ ئۆلۈپ باق،
دۈشمىنىڭنىڭ سانىنى بىلەي دېسەڭ كىيىپ باق.

دۈشمىنىڭگە ئۆيۈڭنى كۆرسەتمە،
ئوغرىغا پۇلۇڭنى (كۆرسەتمە).

دۈشمىنىڭگە سىرداش بولغۇچە،
يولۋاسقا يولداش بول.

داق يەرگە سۇ تۆكسەڭ تايغاق بولۇر،
يامان ئادەمگە سىر ئېيتساڭ ئايغاق بولۇر.

دوستۇڭ ئۈچۈن سىلىق بول،
دۈشمەن ئۈچۈن سىرلىق (بول).

دۈشمەننىڭ كۆلكىسىگە ئىشەنمە.

دوستۇڭنىڭ دوستلۇقى
بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر.

دوست كۆپ، دۈرۈسى ئاز.

دۈشمىنىڭنىڭ تويى — دوستۇڭنىڭ مۇسىبىتىدۇر.

دوست كېچەشتە بىلىنۇر.

دۈشمەننىڭ كۈلگىنىگە ئالدانما.

دوستتىن ۋاپا كېلەر،
دۈشمەندىن جاپا (كېلەر).

دوستۇڭ كۆڭلۈڭنى ئىزدەر،
دۈشمىنىڭ يىلتىزىڭنى (ئىزدەر).

دۈشمەننى شېكەر بىلەن ئۆلتۈر.

دۈشمەننىڭ ئېشىنى يېگۈچە،
سايىنىڭ تېشىنى يە.

دۈشمەنگە ياخشىلىق قىلما،
دوستقا يامانلىق (قىلما).

دۈشمەننىڭ ئاغزىدا كۈلكىسى بار،
كۆڭلىدە ھىيلىسى (بار).

دۈشمەننى ئايىغان ئۆزى قان يالار.

دوستى كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ.

دۈشمەننىڭ يىراق - يېقىنى يوق.

دۈشمەن ئۆلسە ھازا تۇتما،
ۋاپاسىزدىن يار (تۇتما).

دۈشمەننىڭ بىر تال تۈكىنى يۇلغانمۇ ساۋاب.

دۈشمەننىڭ ياخشىلىقى سەن ئۈچۈن قىلىچ.

دوستۇڭنىڭ ئېشىنى يە، كۆڭلى قالمىسۇن،
دۈشمەننىڭ ئېشىنى يە، ئۆزىگە قالمىسۇن.

دۈشمەننى ئۆزۈڭدىن غالىب تۇت.

دۈشمەننى ئەخمەق كۆرۈش ـــ ئەخمەقلىقنىڭ.

دوستىنى ئايىمىغان دوزاخ تۈۋىدە.

دوستۇڭ ئۈچۈن زەھەر يۇت.

دۈشمەننى كۈندۈزى ئويلا، كېچىسى پايلا.

دۈشمەن بىلەن دوست بولساڭ،
بېشىڭ تېنىڭدىن ئايرىلۇر.

زالىمنىڭ ئوغلى بولغۇچە،
ئالىمنىڭ قۇلى بول.

زالىمنىڭ زۇلمىدىن ساقلان،
پادىشاھنىڭ ئازابىدىن (ساقلان).

زالىمغا باش ئەگسەڭ خەس بولۇرسەن،
رەقىبكە باش ئەگسەڭ پەس (بولۇرسەن).

زەھەرلىك يىلان چوڭ ـ كىچىك دەپ ئايرىلماس،
دۈشمەن يىراق ـ يېقىن دەپ (ئايرىلماس).

زەرنىڭ دوستى تولا،
زەرگەرنىڭ دۈشمىنى (تولا).

زەھەرلىك يىلاننىڭ قاسىرىقى ئالا.

سار لاچىن بولماس.

ساددا سىر ساقلىيالماس،
نامرات پۇل (ساقلىيالماس).

سەن بۆرىنى ئايىساڭ،
بۆرە سېنى تالار.

سىركە قاچىسىنىڭ ئاغزى ھەم تۇرسىمۇ،
ئىچى قاينار.

سىپېرگەرنىڭ سىرىنى دۇمباقچى بىلەر.

سۆڭىكىڭ سۇنسىمۇ دۇشمىنىڭگە سىر بەرمە.

غالجىر ئىت چىشىنى كۆرسەتمەس.

غوجام ئەتە بىلەن،
خېنىم پەتە بىلەن.

قاغىنىڭ كۆزىنى قاغا چوقۇماس.

قاڭشىرىغنى كىم ياردى؟
نان بەرگەن ئاكام (ياردى).

قازىنىڭ تەڭرىسى ــــ تىللا.

قازىنىڭ قولى ئۇزۇن،
مەزىنىڭ بوينى (ئۇزۇن).

قەلەندەر پادىشاھ بولسا،
كۈندۈزى چىراغ ياقار.

قەست قىلغاننى پەس قىل.

قەغەزنى لاتا دېمە،
دۇشمەننى ئاكا (دېمە).

قوي يېمەيدىغان بۆرە يوق،
زورلۇق قىلمايدىغان تۆرە (يوق).

قورال تۇتقان قويغا چاپماس.

قولتۇقۇمدا قاتلىمام بولسا،
ئارقامدا ئىت كۆپتۇر.

قورققان بىلەن دوست بولساڭ،
ئىشىڭ يامان بولۇر.

قارا باشتا موڭ تولا،
ھارىقى يوق تۇڭ تولا.

قولۇڭ ماي بولسا،
قونچۇڭغا سۇرت.

قورققان ئىشىڭنى بۇزار،
دۇشمەن بېشىڭنى ئۈزەر.

قۇرت ياغاچنى ئىچىدىن يەر.

قۇشنىڭ سايرىمايدىغىنى يوق،
دۇشمەننىڭ قارغىمايدىغىنى (يوق).

قۇلنىڭ تاغىرى توشسا،
باينىڭ ئامبىرى توشار.

قوٴل ئاتقا مىنسە چىقمىغان دوٴڭ قالماس،
دىيدەك مونچاق تاقىسا، كىرمىگەن ئوٴي (قالماس).

قىرىق يىلدا باي بىلەن كەمبەغەل تەڭشىلەر.

كەمبەغەلنىڭ چىيى چىشقا دورا.

كەمبەغەل ئات مىنسە باينىڭ كوٴتى قىچىشار.

كەمبەغەلنىڭ موٴشوٴكى چاشقان توٴتسا،
باينىڭ موٴشوٴكى توشقان توٴتار.

كەمبەغەل توٴگە مىنسىموٴ، پوٴتىنى ئىت چىشلەر.

كەمبەغەلگە پوش - پوش،
باي غوجامغا خوش - خوش.

كەمبەغەل تالقان يىيسە،
شامال كىلىپ ئوٴچوٴروٴپ كىتەر،

باي تالقان يىيسە،
يامغوٴر يىغىپ نەمدەپ بىيرەر.

كەمبەغەل گوٴل قىسا،
تىكىنى باشقا سانجىلار.

كەمبەغەل ئىشلەپ هارماس،
باي چىشلەپ (هارماس).

كوننى يېڭى قىلغىلى بولماس،
دۈشمەننى دوست قىلغىلى (بولماس).

كۆلپەتتە ھەقىقىي دوست تېپىلار.

كۈندىشنىڭ ئۆلگۈچە دۈشمەن.

كىمنىڭ زۇلمى كۆپ بولسا،
شۇنىڭ زاۋالى يېقىن بولار.

كىيىمنىڭ يېڭىسى ياخشى،
دوستنىڭ كونىسى (ياخشى).

كىم چاپاننى يېڭى كىيسە
دورغا ـ بەگنىڭ ئوغلى شۇ.
كىم چاپاننى كونا كىيسە
تامنى تەشكەن ئوغرى شۇ.

گادايىنىڭ بالىسى ــ باينىڭ كالىسى.

گادايغا باققان گۇل بولار،
بايغا باققان قۇل (بولار).

گادايىنى ھۆرمەت قىلساڭ،
چورۇقى بىلەن تۆرگە چىقار.

گادايىنىڭ بىر تويغىنى ــ باي بولغىنى.

گاچا بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن.

گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان،
پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن.

لالما ئىتنىڭ بارمىغان جايى قالماس.

مەيدە ئاغرىتقان ئاش ئەمەس،
كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست (ئەمەس).

مەككارغا ئالدانغان مېلىدىن ئايرىلار،
دۈشمەنگە ئالدانغان جېنىدىن (ئايرىلار).

موللا مۇرىتتىن ئالىدۇ،
مەزىن مېيىتتىن (ئالىدۇ).

موللام گۆش يېمەس،
يېسە بوش يېمەس.

مۇشۇك مۇشۇكنى قاراڭغۇدا تونۇر.

مۇشۇك ئۆلسە چاشقان داپ چالار.

مىڭ دوستتىن بىر دۈشمەن يامان.

مىڭ سەر ئالتۇن تاپقۇچە،
بىر ياخشى دوست تاپ.

نادان دوستتىن زېرەك دۈشمەن ياخشى.

نامەردكە ئەگسەڭ بويۇن،
پۇچەك ياڭاقىقا تولار قويۇن.

نامراتنىڭ ھېيتى — يېڭى كۆڭلەك كىيگەندە.
نادان باشلىق خۇشامەتچىگە ئامراق.

نىيىتى يامانىنى ئىت تونۇر،
چاپىنى يامانىنى پىت (تونۇر).

ھەر كىشىنىڭ باردۇر ئۆزىگە ئۇلپىتى،
قىزىماس ئىت بىلەن قوينىڭ سۆھبىتى.

ھېسابتا بار ھەمدەمدە يوق.

ئورۇق ئېشەك ئۇرسا تېپەر،
چاچراپ قوپۇپ يەنە تېپەر.

ئوغرى يولدا قويار،
قاراقچى چۆلدە (قويار).

ئورۇق گۆشنىڭ شورپىسى يوق،
نامرات بەگنىڭ دورغىسى (يوق).

ئوغرى تۇمان ئىزدەر،
ئىچى يامان گۇمان (ئىزدەر).

ئون خوجايىندىن بىر يالاقچى يامان.

ئوغرى ئوغرى بىلەن قاراڭغۇدا تېپىشار.

ئوغرى تۈن يېرىمىدا،
قاراقچى كۈپكۈندۈزدە.

ئوغرى قېرىسا سوپى بولار،
جالاپ قېرىسا بۈۋى (بولار).

ئوغرى ئىش تاپالمىسا،
دوپپىسىنى قولتۇقلاپ قاچار.

ئورۇقنىڭ كۆڭلى يورۇق.

ئوغرىنىڭ شېرىكى يانچۇقچى بولار.

ئۇرۇشخۇمار دوستۇڭدىن،
جىمغۇر دۈشمىنىڭ ياخشى.

ئۆردەكنىڭ شۇ كۆتى بولسا،
ھەممە كۆلنى سېسىتار.

ئۆتۈكى يىرتىق تۆرگە چىقالماس،
يېڭى يىرتىق ئاش يېيەلمەس.

ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ،
ئۆزگىنى شىر چاغلا.

ئۆلۈك يولۋاستىن تىرىك چاشقان يامان.

ئۆزىنىڭ ئۆزىگە، توپىسى كۆزىگە.

ئېچىلغاننىڭ ھەممىسى گۈل ئەمەس،
ھىجايغاننىڭ ھەممىسى دوست (ئەمەس).

ئېقىن سۇ ئۇخلىسا ئۇخلار،
دۈشمەن ئۇخلىماس.

ئىتنىڭ دوستى ئىت،
پىتنىڭ دوستى پىت.

ئىشەنمىگىن دوستۇڭغا،
سامان تىقار پوستۇڭغا.

ئىتنىڭ قارغىشىغا پىت ئۆلمەس،
دېڭىز داۋالغۇسا كىت ئۆلمەس.

ئىككى رەقىب بىر يەردە بولسا
قۇلىقى دىڭ تۇرار.

ئىتنى قاۋىدى دەپ، ئاغزىنى كەسكىلى بولماس.

ئىتقا گۆش بەرسەڭ توپىغا مىلەپ يەر.

ئىچى يامانىنىڭ كۆڭلى تىنماس.

ئىككى ياخشى قوشۇلسا ئۆلگۈچە دوست بولار،
ئىككى يامان قوشۇلسا ئۆلگۈچە ئۆچ بولار.

ئىت كۆپ مەھەللىدە جىرىم ئاينىماس.

ئىت ئىت بىلەن ياخشى.

ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ.
ئىت سەمرىسە ئىگىسىگە قاۋار.

ئىتنى ئەركىلەتسەڭ ئاغزىڭنى يالار.

ئىتتىن بولغان ھايۋان
قۇربانلىققا يارىماس.

ئىت ئىگىسىنى تونۇيدۇ،
رەقىبىنى (تونۇيدۇ).

ئىتنىڭ قەستى قاۋاشتا ئەمەس، چىشلەشتە.

ئىتمۇ كەمبەغەلگە قاۋار.

ياخشى دوست كەلگەن بالانى توسار.

ياتنىڭ يېغى يوق.

ياتنىڭ شېكىرى يوق.

ياخشى دوست جاندىن ئەزىز.

ياخشى دوست يولۇڭغا قارار،
يامان دوست پۇلۇڭغا (قارار).

يامانىنىڭ سۆيىنى ئىچكۈچە،
كوزىسىنى چېقىۋەت.

ياۋنى ئايغان يارا بولۇر.

ياۋ يارىغىنى ياۋ بىلمەس.

ياۋنىڭ «كەلدى ـ كەلدىسى» يامان.

ياۋنى قارانچۇق قاچۇرار.

ياۋنى ئۇۋۇسىدا ئۆلتۇر.

ياۋلاشماق ئاسان،
ياراشماق قىيىن.

يات يىغىنى يېگەن يىگىت ياۋغا چاپماس،
يالىقىغا تويغان ئىت ئوۋغا يارىماس.

يامان ياۋغا بولۇشار.

ياۋدىن قورققان ياۋغا دوست،
ئەلدىن قورققان ئەلگە دوست.

ياۋ قاچسا، باتۇر كۆپىيەر.

ياۋ سىرىنى ياۋ بىلمەس.

ياۋ تىلىنى ياۋ بىلمەس.

ياۋ مىكرىنى يالغان يوشۇرار.

ياخشى كىشى ئاداۋەتنى يار قىلماس.

يالغۇز سەيياھقا دۈشمەنمۇ دوست كۆرۈنەر.

ياخشى يېرىڭنى دوست كۆرەر،
يامان يېرىڭنى دۈشمەن (كۆرەر).

يامان بىلەن يولداش بولما،
نادان بىلەن سىرداش (بولما).

ياغ ئىچكۈچىنى چىقارساڭ،
قان ئىچكۈچى كىرەر.

ياخشى كېلىپ ھالىڭغا يەتكۈچە،
يامان كېلىپ گېلىڭنى بوغار.

يالاقچى يالاق تۈۋىدە،
تېجىمەل تاياق تۈۋىدە.

يامان ياخشى بىلەن سورىلار،
بۇغداي سامىنى بىلەن (سورىلار).

يامان بىلەن يۈرگۈچە،
يالغۇز يۈرگىن ئۆلگۈچە.

يامان يولداش بولماس،
يولداش بولسىمۇ سىرداش بولماس.

ياخشىنى يات دېمە،
يامانىنى ئۆز (دېمە).

يەتتىنىڭ بىرىنى دۈشمەن بىل.

يەر سالمىقى تاغدۇر،
ئەر سالمىقى بەگدۇر.

يېتىمنىڭ يېشىدىن زېمىن تىترەر.

يېمىسىمۇ باي ياخشى،
بەرمىسىمۇ باي ياخشى.

يېتىمنىڭ ئالتە قارنى بار،
ئوتتۇرىسىدا بالىخانىسى (بار).

يېتىم تايدىن يورغا چىقار،
يېتىم بالىدىن دورغا (چىقار).

يېگىنى ئايىغان كونىسى،
بېگىنى ئايىغان دورغىسى.

يېنىگدىكى ئوۋنى كۆرگۈچە،
يىراقتىكى ياۋنى كۆر.

يېغى بولسا ياۋ ياتماس،
يەر تەۋرىسە ئات (ياتماس).

يېغىنى يىراقتا يوقات.

يېغا ياندىن قوپار،
دۈشمەن تاپاندىن (قوپار).

يېغا ياندىن قوپار،
بالا كەلسە قېرىنداشتىن.
يىلاننىڭ پۇتى ئىچىدە.

يىلان زەھىرىنى سانجىپ بولۇپ ئۆزى ئۆلەر.

يىراقتىكى دۈشمەندىن
پايلاپ يۈرگەن ئۆز يامان.

يىلاننى قوينۇڭغا سالساڭ، چېقىپ ئۆلتۈرەر،
دۈشمەنگە سىر بەرسەڭ، سېتىپ ئۆلتۈرەر.

يىلان زەھىرى ئۆزىگە تەسىر قىلماس.

يىلان ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى ئاياپ قويماس.

يوشۇرۇن ئۇچقۇن ئوتتىنمۇ يامان.

يوتقاننى كىيگىلى بولماس،
دوستنى ئۇرغىلى (بولماس).

يولۋاسنىڭ ئولتۇرغانلىقى —
سالام قىلىش ئۈچۈن ئەمەس.

يولۋاسنىڭ بەستى يامان،
دۈشمەننىڭ قەستى (يامان).

يۇمشاق قوۋلاق ــ قوۋلنىڭ قولى.

يۇرەكنى تارتسا، بېغىر ئاغرار.

يۇرت ئىچىدە باش كۆتۈرگەن،
پۇچۇق ھېجىردا ئاش كۆتۈرگەن.



# سىياسەت ۋە قانۇن

ئالدى ئىشىكتىن يىڭنە پاتمايدۇ،
ئارقا ئىشىكتىن پويىز قاتنايدۇ.

ئادالەتسىز پادىشاھنى
ئادالەتلىك خورلۇق ئۆلتۈرەر.

ئادىل بولساڭ ئالىم بولىسەن.

ئادىل ئۇزاق ئۆمۈر كۆرەر،
قاتىل دوزاخقا كىرەر.

ئالتە ئۆچكىگە ئاتمىش تېكە.

ئادىل پادىشاھلىقتىن ئەلگە ئامەت ياغار.

ئاق ئىت كەتسە، قارا ئىت كېلەر.

ئەلچىگە ئۆلۈم يوق،
جارچىغا كۆرۈم (يوق).

ئەمەلدار قىيىق بولسا،
بوستانلىقمۇ جاڭگال بولۇر.

ئەتە كېلىدىكى، ئۆگۈن كېلىدىكى،
ھەل بولمىسا سەۋر قىلىدىكى.

ئەسكى تامدا قۇشقاچ تولا،
نامراتقا پۇتلاش (تولا).

ئەقىللىق پادىشاھنىڭ ئۆزى ئۆيدە،
كۆڭلى ئەلدە (بولۇر).

ئەمەل بەردى قۇپقۇرۇق،
ناگان بەردى ئوقى يوق.

بايلار ئاقچىسى بىلەن،
قانۇن ساقچىسى (بىلەن).

بەگنى بەگ قىلغان دورغىسى.

بېگىمنىڭ كەينىدىن ئالىيىۋالاي.

بۇلبۇل قەپەستە سايرىماس،
سايرىسىمۇ دىلى يايرىماس.

بۆرىسى يوق جاڭگالغا مايمۇن پادىشاھ.

بېلىق بېشىدىن سېسىيدۇ.

بۆرىدىن قۇتۇلدۇم،
يولۋاسقا تۇتۇلدۇم.

بۆرىگە ئىچ ئاغرىتساڭ،
قويغا زامىن بولىسەن.

بىرىنى پۆرە قىلمىغۇچە،
بىرى ئۆرە بولماس.

بىرى ئۆلمىگۇچە، بىرى كۈن كۆرمەس.

بېگىمنىڭ قېشىغا بارغۇچە،
بېلىڭ ئوشتۇلار.

پادىشاھ دۆت بولسا،
ئوردا ئەمەلدارى ساراڭ بولۇر.

پادىشاھتا بولسا ئادالەت،
پۇقراغا قىلار شاپائەت.

پادىشاھسىز ئەل يېتىم،
ئىگىسىز يەر (يېتىم).

پارا يەپ بەگ سەمرەر،
سۆڭەك يەپ ئىت (سەمرەر).

پادىشاھنىڭ ھاجىتى پۇقراغا چۈشەر.

پادىشاھ ـــ يېرىم خۇدا.

پادىشاھ ئادىل بولسا،
پۇقرا مايىل بولۇر.

پىرنىڭ غوجىسى ئىككى.

پۇقرا ئالدىڭغا كەلسە،
ئەمىلىڭنى تاج قىلىپ تاقىما.

پۇقرايىڭنى خار قىلما،
كۆڭلۈڭنى تار (قىلما).

تاياق ئېيىقنىمۇ موللا قىلار.

تاش بىلەن ياڭاق تەڭ بولماس.

تاشتىن قاش قورقار،
گۇناھتىن باش قورقار.

تەڭشەلمىگەن ئالەم،
سىرىنى بىلمەس ئادەم.

تەلپىكىنى ئەكەل دېسە،
بېشىنى ئەكەپتۇ.

تولا سايرىغان بۇلبۇل قەپەسكە چۈشەر.

تورغاينى سوي دېسەم قوناقنى كەستى.

توقماق چوڭ بولسا،
لاتا قوزۇقمۇ يەرگە ماڭار.

تۇگمەن سۇدا چۆرگىلەر،
دەۋا پۇلدا (چۆرگىلەر).

تۆگىدەك دۇنيادىن
مېغىزدەك مەنسەپ يامان.

تۇغ يىقىلسا، پادىشاھ تەختتىن چۈشەر.

تۆمۈر قەپەس شۇڭقارنىمۇ ئىندەككە كەلتۈرەر.

جاھانغا ئىگە بولاي دېسەڭ،
ئاۋۋال ئادەمگە ئىگە بول.

جاھان تۈزەلمىگۈچە،
يامان تۈزەلمەس.

جان خۇدانىڭ، تەن پادىشاھنىڭ.

چاشقاننىڭ ئەرزىنى مۈشۈك سوراپتۇ.

چوڭ بىلىق كىچىك بېلىقنى يەر.

چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ.

خانسىز ئەل — ئىگىسىز ئۆي.

خاننىڭ ھۆرمىتى پۇقرا بىلەن.

خان بىلەن ئىلىشساڭ بېشىڭ كېتەر،
باي بىلەن تۇتۇشساڭ مېلىڭ (كېتەر).

خاننىڭ دورى ئۈچ قېتىم.

خاننىڭ ئاغزى مايمۇن.

خان — قوزۇق،
پۇقرا — ئوزۇق.

دەۋاگەر بوش بولسا،
قازى مۇتتەھەم بولار.

دەۋاگەر دەۋا قىلماس،
دەۋا قىلسا قۇرۇق قالماس.

دەۋرىڭ كەپتۇ سۈر بېگىم،
دەۋرانىڭ كەپتۇ ئۇر بېگىم.

دورغا غېرىبنى ئۇرسا،
جىسا مۇساپىرنى ئۇرۇپتۇ.

دېمىسە دەرد، دېسە لەت.

دوپپىغا پاتقان بېشىم جاھانغا پاتمىدى.

رەھىمسىز يۈرەكنى ئېزىش ئۈچۈن
شەپقەتسىز يۈرەك كېرەك.

زامانە زورنىڭ،
تاماشا كورنىڭ.

زالىمنىڭ زۇلمىدىن ساقلان،
پادىشاھنىڭ ھۆكمىدىن (ساقلان).

زالىم پادىشاھ بولسا،
نادان ئەۋلىيا بولار.

زالىم قامچىسىنى تاشلاپ ئالىم بوپتۇ.

زالىمدىن شەپقەت كۇتمە،
بىھايادىن ئىلتىپات (كۇتمە).

زىغىر تېرىمىغان يەر قالمىدى،
بەگ بولمىغان ئەر قالمىدى.

سارنىڭ مەقسىتى چۇجە يېمەكتە ئەمەس،
چۇكۇلداتماقتا.

سەركە ئەقىللىق بولسا،
مالغا ئاپەت كەلمەس.

سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ،
ئوسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ.

سۇنىڭ بېشى لاي بولسا،
ئايىغىمۇ لاي بولۇر.

سىياسەت ئادىل بولسا،
يەرمۇ ئالتۇن بېرەر.

سىياسەت توغرا بولسا،
لاتا قوزۇق يەرگە كىرەر.

شانىياز ئوۋغا چىقسا،
كەينىدىن غوۋغا چىقىپتۇ.

شەرىئەتتە شەك يوق،
سەۋەبسىز ئىش يوق.

شەرىئەت قىلىچتىن ئىتتىك،
قىلدىن ئىنچىكە.

شەھەردە شامال چىقسا،
يېزىدا بوران چىقار.

شەرىئەتنىڭ مىڭ بىر پۇتىقى بار.

غوجامنىڭ غوجىسى بار،
چامغۇرنىڭ ئورىسى (بار).

غوجامنىڭ قورسىقى توق،
قۇلى بىلەن ئىشى يوق.

قاپىقىدىن باراڭ ئەتىۋار،
ئەقلى باردىن ساراڭ ئەتىۋار.

قول قولنى تونۇيدۇ،
شەرىئەت يولنى (تونۇيدۇ).

قوي ئۆزىنىڭ پىيىدە ئىسلار.

قىتىۋالغانغا قامچا ئۆتمەس.

قىلىچ دەستىسىنى تۇتۇشنى خالىمىساڭ،
تىغىغا دۇچ كېلىسەن.

قىلچىلىك ھوقۇقنىڭ
پىلچىلىك كۈچى بار.

قىلدەك ھوقۇق زىغىرنى قىرىق يارار.

كالىلىنىڭ سورىنى يۇت تارتار،
باشلىقنىڭ سورىنى يۇرت (تارتار).

كەتمەن ساماندىن قورقار،
تەشكىل ياماندىن (قورقار).

كېيىك ئۇركۇسە تاغدىن كۆچەر،
ئادەم ئۇركۇسە يۇرتتىن (كۆچەر).

كوزا سۇندۇرغان ئەزىزدۇر،
سۇ ئەكەلگەن خار - زار.

مەپىسىز بەگ — شەپىسىز سەگ.

مولـلـدىن ئىمـان قاچسا يالغان كۆپىيەر،
پادىشاھتىن ئىنساپ قاچسا ئالۋان (كۆپىيەر).

نادان ھاكىم يۇرت بۇزار.

ھارۋىدا خوت يوق،
ساراڭغا سوت (يوق).

ھەقىقەت ئىزدىسەڭ ئۆلتۈر يىلاننى،
تەرىقەت ئىزدىسەڭ قىينىما جاننى.

ھۆكۈم تاشنى يارار،
تايىقى باشنى (يارار).

ھۆكمى قاتتىق پادىشاھ
پاختىنى بىلەن تاش يارار.

ھۇرۇننىڭ ئەسنىكى قاتتىق،
ھەقىقەتنىڭ تەستىكى (قاتتىق).

ئوڭدا ياتقان گىردە يەر،
كەتمەن چاپقان جىگدە (يەر).

ئۇستىرا كاپ بىلەن،
باھالاش لاپ بىلەن.

ئۆلىمەن دىسە، مىنىمەن دەپتۇ.

ئۆزىگە يارىغان خانغا يارار.

ئۆمىد ئۆلۈمنى يېڭەر،
كۈرەش زۇلۇمنى (يېڭەر).

ۋاقتى كەلگەندە خانمۇ ئاتتىن چۈشىدۇ.

ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەس.

ئېشەككە كۆچۈك يەتمىسە،
ئۇر توقۇمنى.

ئىنساپ قالمىدى چوڭدا،
ئىشتان قالمىدى قوڭدا.

ئىنسان بەختى بىلەن كۈلەر،
پادىشاھ تەختى بىلەن (كۈلەر).

ئىتنى قازى قىلساڭ،
قاۋاشقا قىستار.

ئىككى ئات تېپىشسە،
ئارىدا قالغان ئېشەك ئۆلەر.

ئىمامنىڭ ھەيۋىسى سەللىدە.

ئىت ھاكىم بولسا،
سۆڭەك سېلىق سالار.

ياخشى دېھقان يەر تۈزەر،

ياخشى خان ئەل (تۈزەر).

ياقىسىز چاپان بولماس،
قانۇنسىز سۇلتان (بولماس).

ياماندىن قاراۋۇل قويساڭ،
دۈشمەن يەتتە بولۇر.

ياخشى ۋەزىر — كۆرۈنەر خىزىر.

يارلىق دېگەن ياسىداق.

يۈز كۈن يەلپۈگەن غالچا بوپتۇ،
بىر كۈن يەلپۈگەن ئاغىچا (بوپتۇ).

يىلان - چايان ئىزدىسەڭ
قازىنىڭ گۆرىنى ئاچ.

يىڭنە قاياقا ماڭسا،
يىپ شۇ ياققا ماڭار.



## ئىجتىمائىي كەيپىيات توغرىسىدا

ئاپتاپنىڭ چىقىشىغا باق،
سۇنىڭ ئېقىشىغا (باق).

ئادالەت ئالدىدا لىللا ئاقىدۇ،
جاھالەت ئالدىدا تىللا (ئاقىدۇ).

ئالىم ئەستە تۇرىدۇ،
زالىم پەستە (تۇرىدۇ).

ئاشلىق كېتىپ چاڭ قالدى،
ماغدۇر كېتىپ جان (قالدى).

ئەجەب داڭلايسىز ئەنجاننى،
باقالمايسىز بىر جاننى.

ئەمەلداردىن غالچا يامان،
ئۆگزىدىن ئۆتكەن تامچە (يامان).

ئەمەلداردا جان ئىككى.

باي قەيەردە بولسا،
«ۋاي» شۇ يەردە.

باينى باي قىلغان گۆش بىلەن مايدۇر،
گادايىنى گاداي قىلغان بەگ بىلەن بايدۇر.

بارنىنى ئامبال ئالدى،
قالغىنىنى رەممال (ئالدى).

باي ياتىدۇ باغدا،
گاداي ياتىدۇ تاغدا.

باغلاقلىق ئىت ئوۋغا يارىماپتۇ.

بىر مىسقال ھوقۇق مىڭ تىللاغا ئەرزان.

بۇرۇن تاغ ئايلىنىپ كەلسە،
ئەمدى باغ ئايلىنىپ كېلەر.

بوران گىلەمنى سۆرەپتۇ.

بۆرە يەپ بەردى،
قاغا چوقۇپ (بەردى).

بۆرىنىڭ ئاغزى يېسىمۇ قان،
يېمىسىمۇ (قان).

بۆرىسى يوق جاڭگال نەدە،
ئوغرىسى يوق يۇرت نەدە.

بۆك ئال دېسە، باش كېسىپتۇ.

بۆرە بىلەن تۈلكە بىرلەشسە،
ئالداپمۇ يەيدۇ، بۇلاپمۇ يەيدۇ.

پادىشاھنىڭ كۆزىدە بولغۇچە كۆڭلىدە بول.

پادىشاھ كۈندۈزنى كېچە دېسە،
ئاسمانغا يۇلتۇز چىقىپتۇ.

پادىشاھ كۈندۈزنى كېچە دېسە،
كۈننى ئاي دېگۈلۈك.

پارا يېگەن پات يوقىلار.

توقۇمى يەڭگۈشلەنگەن بىلەن ئېشىكى شۇ.

تۈلكە سۆزگە چىقسا،
توخۇ غەمگە چۈشەر.

جاڭگالدا داڭگال تولا،
شەھەردە ئامبال (تولا).

دادىسى خان بولسا،
ئۇرۇق - ئەۋلادى بەگ بولۇر.

دەرەخ كېسىلسە، قۇش توزار.

دەرد بار، دەرمان يوق.

دەردى يوققا ۋاي چىشىم دېمە.

دېھقان قېشىدا كەتمەن،
كادىر قېشىدا دەردمەن.

دۆلەت قۇشى قونسا چىۋىن بېشىغا،
سۇمۇرغ كېلەر ئېگىلىپ قېشىغا.

دۇنيانى سۇ باسسا،
ئۆردەككە نېمە غەم.

زالىمدا ۋاپا يوق،
پاسىقتا هايا (يوق).

زامان قالار،
زالىم كېتەر.

زامان ساڭا باقمىسا،
سەن زامانغا باق.

زورلۇق بىلەن هۆرمەت تاپساڭ،
خورلۇق بىلەن ئۆلەرسەن.

زالىم يۇرت سورىسا،
ئالۋانغا ئامراق بولار.

سارىنىڭ چۈجىگە ئىچى ئاغرىماس.

سەھرادا ھاڭرىغان ئېشەك،
شەھەردە ھاڭرىيالماس.

سوراقچىدىن تۈگچى يامان.

سوۋغاتقا ئۈزۈم كېرەك،
ئىسلاھقا تۈزۈم (كېرەك).

سۈتسىز ئىنەك ئۆلمىگۈچە سۈتلۈك ئاتالماس،
يامان كىشى ئۆلمىگۈچە ياخشى ئاتالماس.

قازىنىڭ ئېتى ئۆلسە، مىڭ كىشى يىغلار،
قازى ئۆلسە، بىر كىشى (يىغلار).

قازىنىڭ ئوردىسىدىن قېچىپ
پادىشاھنىڭ تۈگلۈكىدىن چۈشۈپتۇ.

كانايچىدىن يەل كەتتى،
دۇمباقچىدىن دۈگگۈلدۈڭ.

كەڭگە كەڭ دۇنيا،
تارغا تار دۇنيا.

كۈچلۈك ئالدىدا كۈچسىز گۇناھكار.

مانتا قاسقاندىن كېلەر،
ئەمەل داستىخاندىن (كېلەر).

مەن ئۆلەر ھالەتتە ياتسام،
تۇغقانلىرىم گۈل قىسىپتۇ.

مۈشۈك يوق يەردە چاشقان پادىشاھ بوپتۇ.

ناداننى نادان باشقۇرىدۇ،
ناداننى جاھان (باشقۇرىدۇ).

ھالۋا ياغ بىلەن ئوخشار،
باھالاش گال بىلەن (ئوخشار).

ھۆل - يېغىن كۆپ بولسا يەرنى بۇزار،
پىتنە - ئىغۋا كۆپ بولسا ئەلنى (بۇزار).

ھۆكۈم سۈرسە نادانلىق،
داناغا يوق ئامانلىق.

ئورۇقلۇقتىن ئۆلگەن تۆگە
ئاتتىن يوغان كۆرۈنەر.

ئون تونۇشتۇرۇشتىن بىر تونۇش ئەلا.

ئوت قويغاننىڭ ئۇنى ئۆچۈرگۈچىدىن كۈچلۈك.

ئوردىدا ھىماتىڭ بولسا،
ئەمەلدار بولمىقىڭ ئاسان.

ئۆز يۇرتىدا مۇساپىر بولۇپتۇ.

ئۆكۈزنى كاردىن چىقارغان بويۇنتۇرۇق.

ئۈچەي قۇرۇپ يىپ بولدى،
يىلىك قۇرۇپ نەي بولدى.

يايلاقتا بارساڭ قارا باشنى تۇت،
ھاشارغا ھەيدىسەڭ ياۋاشنى (تۇت).

يولدىن چىقما،
خاندىن قورقما.

يۇقىرىدا يامغۇر ياغسا،
تۆۋەندە قىيان كېلەر.

يېڭىياچە غەزەل چىقتى،
ئېيتالماي جىنىم چىقتى.

يىلاننىڭ ئۆزى ئەگرى ئەمەس،
يولى ئەگرى.

# ھايات ھېكمەتلىرى

ئاچ قوش ئىگىسىنى ئالار.

ئەلچىگە ئۆلۈم يوق،
نەيچىگە تىنىم (يوق).

بىلىققىمۇ باش كېرەك.

پايدىسىز كېلىشىمدىن
پايدىلىق ئۇرۇش ياخشى.

خانغا يارىغان بېشىم
تازغا يارىماپتۇ.

دەرد كەلگەندە دەرمان كېتەر.

قوي يېمەيدىغان بۆرە يوق،
زورلۇق قىلمايدىغان تۆرە (يوق).

ئورمىنى بۆلۈم تۆگىتەر،
ئادەمنى ئۆلۈم (تۆگىتەر).

ئوغرىنىڭ دوُشمىنى ئاي،
پوُتنىڭ دوُشمىنى لاي.

ئۆزى ئوُندەكتە،
كۆزى خوُندەكتە.

# ھەقىقەت ۋە قانۇنىيەت توغرىسىدا

ئاسقۇدا گۆش بولسا،
بىر كۈنى مېھمانغا يارار.

ئالمىنىڭ بەرمىكى بار،
چاقىنىڭ چەمبىرىكى (بار).

ئاي ئاقىرىپ چىقار،
نان قىزىرىپ پىشار.

ئادەمنىڭ يىلتىزى يوق.

ئاتقان ئوق يانماس.

ئادەم كۆرگىنىگە ئىشىنەر،
ھايۋان يېگىنىگە (ئىشىنەر).

ئادەتنىڭ دورىسى يوق،
مەسچىتنىڭ مورىسى (يوق).

ئالتۇن توپىدىمۇ پارقىرار.

ئات قېرىسا مودۇرگەك بولار،
ئادەم قېرىسا موگدىگەك (بولار).

ئاتنىڭ كىشنىمەيدىغىنى يوق،
ئىتنىڭ چىشلىمەيدىغىنى (يوق).

ئارغامچا هامان ئاجىز يېرىدىن ئۈزۈلەر.

ئالەمنىڭ تۈۋرۈكى ھەقىقەت.

ئامان بولسا بېشىم،
يەنە چىقار شو چېچىم.

ئاچچىقنىڭ ئاقىۋىتى — پۇشايمان.

ئاتقان ئوق قايتىپ كەلمەس،
قايتىپ كەلسە سو تېشەلمەس.

ئاق ئىت، سېرىق ئىت، بەربىر ئىت.

ئادەمنىڭ ئۆلمەيدىغىنى يوق،
تۆمۈرنىڭ سونمايدىغىنى (يوق).

ئاچچىقنىڭ تاتلىقى بار،
يۇمشاقنىڭ قاتتىقى (بار).

ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرسەڭ،
يۈزۈڭگە چۈشەر.

ئاتقان ئوقنى ياندۇرغىلى بولماس،
چىققان سۆزنى قايتۇرغىلى (بولماس).

ئادەمنىڭ كەلگىنى ئوبدان،
قاچقىنى يامان.

ئاچچىقنىڭ دورىسى — ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش.

ئاپتاپپەرەس كۈنگە باقار.

ئاپتاپپەرەس ئايغىمۇ باقار.

ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا.

ئالدىرىماڭ يارەي،
سىزگىمۇ بارەي.

ئادەم تۇگەپ، ئالەم قالۇر.

ئادەمزاتنىڭ كەلمىكى باردۇر،
بىر كۈنى هامان ئۆلمىكى (باردۇر).

ئاي بۇلۇتتىن قورقار،
ياغاچ قۇرتتىن (قورقار).

ئالتۇن چىرىماس،
دەۋا قېرىماس.

ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە،
ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا.

ئاتا بولمىغۇچە ئاتا قەدرىنى بىلمەس.

ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ،
ئون بەشى ئايدىڭ.

ئات ھارسا ئېغىل ياخشى،
پاتقاقتا شېغىل (ياخشى).

ئالا ئاسلان ئارسلان بولماس.

ئادەت ئادەمنى باشقۇرماس،
ئادەم ئادەتنى باشقۇرار.

ئاينى ئالىقانغا ئېلىپ بولماس.

ئاغزىدا تالقان بار ئادەم
ئوت پۈۋلىيەلمەس.

ئادەم ئۆلىدۇ،
دۇنيا قالىدۇ.

ئاسماننىڭ شوتىسى يوق،
يەرنىڭ تۈگلۈكى (يوق).

ئاۋۋالقىنى بوران ئالدى،
كېيىنكىنى شامال (ئالدى).

ئاغرىقنىڭ ساقايغۇسى كەلسە
تېۋىپ ئۆزى كېلەر.

ئاشنى يېگەن قۇتۇلدى،
قازان يالىغان تۇتۇلدى.

ئاسان ئىش ئەرنىڭ ئىشى ئەمەس.

ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپتۇ.

ئايالنىڭ ئوردىغا كىرگىنى ئىشنىڭ بۇزۇلغىنى.

ئاغزىڭ قان بىلەن تولسىمۇ،
دۈشمەن ئالدىدا تۈكۈرمە.

ئەقىلسىز باشنىڭ دەردىنى پۇت تارتار.

ئەۋلىيانىڭمۇ نەپسى بار.

ئەسكى ئۆتۈك ئوشۇقنى غاجار،
پۇچۇق قوشۇق ئېغىزنى (غاجار).

ئەل قىساسى مىنەلھەق.

ئەگرىنىڭ سايىسىمۇ ئەگرى.

ئەگرى كىشى ئازار،
توغرا كىشى ئۇزار.

ئەگرى بولسىمۇ يول ياخشى.

ئەل ئاغىسىز بولماس،
سوغا چەمبەرسىز (بولماس).

ئەتمەك تەس، بۇزماق ئاسان.

ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار.

ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك.

ئەگرى بولسىمۇ يول ياخشى،
ئەخمەق بولسىمۇ دوست (ياخشى).

باش قەيەردە ــ پۇت شۇ يەردە.

باھار كەتسە بۇلبۇل سايرىماس.

بالا ــ قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس،
پۇت ــ قولنى ساڭگىلىتىپ.

بالدۇر چىققان قۇلاقتىن، كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ.

باشتا گەپ بولسا،
ئاياغدا ئۇن بولماس.

بالا چوڭ بولغۇچە،
ئانا موماي بولار.

بالا، قىلغان ئىشى چالا.

بارچە گۇناھ مەندە تۇرۇپ،
قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي.

بالىسى غورا يېسە،
ئانىسىنىڭ چىشى قاماپتۇ.

بارماق قولدىن ئايرىلالماس.

بەش بارماق تەڭ ئەمەس.

بەش بارماقنىڭ قايسىسىنى چىشلىسە ئاغرىيدۇ.

بوۋاقنىڭ كۆزى بۆشۈكنى كۆرىدۇ،
چاشقاننىڭ كۆزى تۆشۈكنى (كۆرىدۇ).

بۈگۈن ماڭا، ئەتە ساڭا.

بوراننىڭ گۈركىرىشىگە تاغ تەۋرىمەس.

بۇ يىلقى قار ئېسەنگە قالماس.

بۆشۈكتىن چىقساڭ، تۆشۈكتە توختايسەن.

بۆرە كۈچۈكى بۆرە بولۇر،
ئادەم ئەل ئىچىدە ئۆرە بولۇر.

بۆرە ئالدىدا قوي ھامان گۇناھكار.

بۆرىنىڭ قارغىشىغا يولۋاس ئۆلمەس.

بىلىقنى ئۇزۇشكە ئۆگەتمەس.

بېلىق شاش بولسىمۇ
سۇدىن چىقالماس.

بىر تۈلكىنىڭ تېرىسى
ئىككى قېتىم سويۇلماس.

بوغداي تېرىسالڭ ئارپا بولماس،
گەپنى قايتۇرغىلى (بولماس).

بوگۈنسىز ئەتە بولماس.

بۆرە قوي چوشەر.

بىر پىلەكتە ئون خەمەك،
ھەر خەمەكنىڭ تەمى بۆلەك.

بېشى مىجىلغان يىلان
قۇيرۇقىنى ھەر تەرەپكە ئۇرار.

بىر تال سەرەڭگە پۈتۈن بازارنى خاراب قىلار.

بىر ياشتىمۇ بىر ئۆلۈم،
مىڭ ياشتىمۇ بىر ئۆلۈم.

بىر قاغىنىڭ كېلىشى بىلەن قىش بولماس.

بىر دەرەختىن ياسىلار يۈزمىڭ سەرەڭگە،
مىڭ دەرەخنى كۆيدۈرەر بىر تال سەرەڭگە.

بىلەي يۇمشاق بولسىمۇ پولاتنى يەيدۇ.

بىگىز قاپتا ياتماس،
گەپ قورساقتا (ياتماس).

بىرنىڭ كاساپىتى مىڭغا.

بېشى بارنىڭ بۆكى بار.

بىر قولۇڭ ئوتتا بولسا،
بىر قولۇڭ سۇدا بولسۇن.

بىر قىنغا ئىككى پىچاق سىغماس.

بىر خورازنى يەتتە قاسساپ سويماس.

باينىڭ ئالدى تار، كەينى كەڭ.

باش — بۆكتە،
خىيال — كۆكتە.

پارقىرىغاننىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئەمەس.

پاقا سىيگەنگە كۆل تاشماس.

پاقا كوركىرىمىسا يېرىلار.

پاشا دەر: تۇمشۇقۇم مىس،
جاجامنى بېرەر ئىس.

پالاق تۇخۇمدىن چۈجە چىقماس.

پالتا ئىتتىك بولسا،
قولۇڭغا زور كەلمەس.

پاختا ئىچىدە ئوت ساقلىغىلى بولماس.

پاختىدىكى تىكەن قولغا بەك سانجىلار.

پالتا چۈشكۈچە كۆتەك دەم ئاپتۇ.

پاشىنىڭ ئۈۋىسى يوق،
ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى (يوق).

پەگاھ بۇزۇلسا تۆر تۈزىلەر،
تۆر بۇزۇلسا نە (تۈزىلەر).

پۈتكەن ئىش — قېلىپتىن چىققان خىش.

پۈتاقسىز دەرەخ بولماس،
خاتاسىز ئادەم (بولماس).

پۈچۈق ياماقنىڭمۇ ئىگىسى بار.

پۇل قەيەرگە بارار،
دوستنى دۈشمەن قىلغىلى.

پىچاق ئۆز سېپىنى يونالماس.

پىچاق ئىتتىك بولسا، غىلاپنى كېسەر.

پېقىرچىلىق ئاستا ـ ئاستا.

پىچاق ئۆتكۈر بولسا، ياغاچنىڭ قاتتىقى يوق.

تامچە سۇدىمۇ قۇياش ئەكس ئېتەر.

تاش، ئالتۇننى سىن سىنار،
ئالتۇن ئادەمنى سىنار.

تاغنى ئوقۇرۇق بىلەن ئەگكىلى بولماس،
دېڭىزنى قېيىق بىلەن بۆككىلى بولماس.

تالاشقان ئىت سورۇندىن ساق چىقماس.

تاڭ ئاتمايدىغان كېچە يوق،
ياغ چىقمايدىغان قىچا (يوق).

تاش كىچىك بولسىمۇ، مىڭ ياڭاقنى چاقار.

تامچە زەھەر دەريانى بۇلغار.

تاغدىن ئېگىز تاغ بار.

تاغقا مۇشت كار قىلماس.

تاش كىچىك بولسىمۇ باشنى يارار.

تاغدەك ئىشنىڭ تېرىقچىلىك تۇگۇنى بار.

تامچە سۇ تاشنى تېشەر.

تاغ يۆتكەلسىمۇ،
خۇي يۆتكەلمەس.

تاشنى سىققان بىلەن سۇ چىقماس.

تەقدىرىڭ قولۇڭدا بولسا،
ئىشەنچىڭ يولدا بولۇر.

تەن بولمىسا روھ بولماس،
روھ بولمىسا تەن (بولماس).

تەقدىرىڭ تەدبىرىڭگە باغلىق.

تەقدىر خۇدادىن،
تەدبىر بەندىدىن.

تونۇيدىغان كۆز بولسا،
يىلقىدا تۇلپار كۆپ.

توقۇم قاتتىق بولسا،
ئېشەك يېغىرىدىن ئاجرىماس.

توخۇ چىللىمىسىمۇ تاڭ ئاتار.
توڭگۇزنى يۇساڭمۇ توڭگۇز.

توققۇزدا قانچە بولسا،
توقساندىمۇ شۇنداق بولار.

توختام سۆز چۆمۈچتىن قورقار.

تۆگە قۇمدا ياخشى،
يىپ مومدا (ياخشى).

تۆھمەتخور ئانت ئىچەر،
قارا نىيەت قان ئىچەر.

تۆگە قانچە ئورۇق بولسىمۇ،
ئاتتىن پەس ئەمەس.

تۆگە قۇيرۇقى يەرگە تەگمەس.

تۆمۈرنى دات يەيدۇ،
يۈرەكنى دەرد (يەيدۇ).

تۆگە بوتىلاق چۇشەيدۇ،
ئۆچكە ئوغلاق (چۇشەيدۇ).

تۆگىنىڭ مەيلى بولسا،
يانتاققا بويۇن سوزار.

تۆگىنى ئۇسسۇلغا سالسا،
يەتتە چۆنەك قوغۇننى بۇزار.

تۆمۈرنى تۆمۈردە قىسىپ،
تۆمۈردە بازغانلا.

تۆشۈك يىراقتىن كۆرۈنەر.

تۆت پۇتلۇق ئاتمۇ پۇتلىشار.

تۇخۇمنىڭ ئۇستىدە تۇخۇم توختىماس.

تۇياق چۇشەر،
مۇڭگۈز ئۆسەر.

تۇكۇرگەن تۇكۇرۇكنى
ئېغىزغا ئالغىلى بولماس.

تۇخۇمنى تاشقا ئۇرساڭمۇ چېقىلار،
تاش بىلەن ئۇرساڭمۇ چېقىلار.

تۇتقاق مۇشۈك بەش ئۆيگە تېتىسا،
سەزگۇر ئىت بەش مەھەللىگە تېتىيدۇ.

تۇگمەن تېشىغا چۇشكەن ئۇن بولار.

تېكىننىڭ ئۇسكىنىگە تاغ تەۋرىمەس.

تىكەنسىز گۇل بولماس،
قاناتسىز بۇلبۇل (بولماس).

تىرىككە ئۆي تېپىلار،
ئۆلۇككە گۆر (تېپىلار).

جاھاندا جىم تۇرىدىغان ھېچ نەرسە يوق.

جان بىر، قوۋۇرغا ئون سەككىز.

جاھانغا بېقىپ ئۇچۇشنى سۇندۇك بىلىدۇ.

جاڭگالدا غورا يوق،
رەمىمالدا دورا (يوق).

جان بار يەردە قازا بار.

جەينەك يېقىن بولسىمۇ
چىشلىگىلى بولماس.

— جەننەت نەدە؟
— داق بولسىمۇ بارنى كۆرگەن يەردە.

جىڭ ئالتۇن ئوتتا بىلىنەر.

جىمجىتلىق مازارغا يارىشار.

چاي تۆكۈلۈپ سىياھ بولماس،
يۇلتۇز يىغىلىپ ئاي (بولماس).

چەينەك ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ
پىيالىگە ئېگىلەر.

چوڭ دەرەخنىڭ سايىسى
يەرگە كەڭ چۈشەر.

چوڭ توقاچ پىشقۇچە،
كىچىك توقاچ كۆيۈپ كېتىپتۇ.

چۆگۈن قاينىسا، بوينىغا تاشىدۇ.

چېچەك چىقسا ئىزى قالار،
ئەسكى چاپاننىڭ مېزى (قالار).

چىقماقنىڭ چۇشمىكى بار،
چۇشمەكنىڭ چىقمىقى (بار).

چىرايغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولماس.

چىۋىندىن ھەسەل چىقماس.

چىققان كۆز ئورنىغا كەلمەس.

چىشنىڭ سوغۇقلۇقىدىن ئېغىز كۆيمەس.

چىداپ ـ چىداپ تاشمۇ بىر كۈن يېرىلار.

چامغۇرنى يۇلۇپ تاشلىسا ئورنى قالار.

چىقمىغان كۇنگە قاقلانماس.

خورازسىزمۇ تاڭ ئاتار.

خوتۇن كىشىنىڭ ئۆزى يالغان سۆزلەر،
كۆزى راست (سۆزلەر).

دەۋا قىرىماس،
ئېقىن سۇ سېسىماس.

دەرەخ كېسىلسە يىلتىزى قالار.

دەرەخ ئۇچىدىن قۇرىيدۇ،
ئادەم ئىچىدىن (قۇرىيدۇ).

دوختۇر دورىسى بىلەن،
دانىشمەن چارىسى بىلەن.

دوناي ياغاچ تانىغا چىقماس.

راستىنى كۆرسە يالغان قاچار،
يولۋاسنى كۆرسە تايغان (قاچار).

زالىم تۈگەيدۇ، زامان قالىدۇ،
ھەقىقەت ھامان ئامان قالىدۇ.

سەۋرىدىن ئارتۇق غىزا يوق،
رىزادىن ئارتۇق مۇكاپات (يوق).

سۇ ئاستىدا قۇرۇق تاش يوق.

سۇ ياغىنىڭ ئورنىنى باسالماس.

سۇ كىرمەيدىغان تۆشۈك يوق.

سۇ يەرنى سىنار،
ھەقىقەت ئەرنى (سىنار).

سوقۇشقاق خورازنىڭ تاجىسى يارا.

سېرىق كۆرۈنگەننىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئەمەس.

سىپاگەر سىرىنى يوشۇرالماس،
پۇچۇق بۇرنىنى (يوشۇرالماس).

سىرلىق ئاياقنىڭ سىرى كەتسىمۇ،
سىنى كەتمەس.

شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىماس.

شام ئۆز يېنىنى كۆيدۈرەر.

شام نۇرى ئۆينى يورۇتار،
ئاي نۇرى جاھاننى (يورۇتار).

شامالدا ۋارقىرىغاننىڭ
ئۈنى بوش كېتەر.

شەرىئەتتە چۈشكە دەۋا يوق.

شەيخ نان سورار،
ئەزرائىل جان (سورار).

غەمسىز كىشى بولماس،
ئەرسىز چىشى (بولماس).

قامچا تېرىدىن ئۆتەر،
ھەقىقەت سۆڭەكتىن (ئۆتەر).

قازاندىن چۆمۈچ چوڭ بولماس.

قارا كىگىز ئاقارماس.

قاتتىق چىش تۇگەپ،
يۇمشاق تىل قالار.

قازى ئاچ قالسا بازار كېزەر،
سوپى ئاچ قالسا مازار (كېزەر).

قائىدە قېرىماس،
مۇجۇق چىرىماس.

قەغەز دېگەن نېپىز نەرسە،
چەكمىگۈچە تېشىلمەس.
كۆڭۈل دېگەن نازۇك نەرسە،
ئاسانلىقچە يېشىلمەس.

قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغماس.

قوماچ ھەرقانچە ئېتىلسىمۇ
قازاننى تېشەلمەس.

قورققان سايىسىدىن ئۈركەر.

قوغۇشۇن بىگىز بولماس،
ئۆچكە يۇڭى كىگىز (بولماس).

قوغۇن پىشسا ساپىقىدا تۇرماس.

قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرماس.

قۇرۇق قوشۇق ئېغىز قانىتار.

قۇيرۇقىنى كۆتۈرگەن كالا
تېزەكلىمەي قالماس.

قۇدۇق قۇرۇغاندىن كېيىن
سۇنىڭ قەدرى بىلىنەر.

قۇملۇقتىكى ئىز — يوقالمىقى تېز.

قۇدۇقتىكى سۇغا ئىتنىڭ بۇرنى تەگمەس.

قېرى ئات ئوقۇر بۇزماس.

قېرىلىق ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا تۇرار.

قىلىچ قىنىدا تۇرسا دات باسار.

قېنى يوقنىڭ جېنى يوق.

قېرى كالا پىچاقتىن قورقماس.

قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ بىلىنەر.

قىلىچ يارىسى ساقىيار،
دىل يارىسى ساقايماس.

قېرى ئات يول تونۇيدۇ،
بۇلبۇل گۈل (تونۇيدۇ).

قىلغۇچىنىڭ كۆزى بىر،
كۆرگۈچىنىڭ كۆزى مىڭ.

قىزىق ئوتتا كۆمەچ پىشماس.

كالا ئۆلسىمۇ كۆزىنىڭ ئالىسى كەتمەس.

كالپۇك بولمىسا چىش مۇزلار.

كارۋاننىڭ يولى بىر، رىزقى باشقا.

كاۋا قوغۇن بولماس.

كەسلەنچۈك مىڭ يىلدىمۇ يىلان بولماس.

كەتكەنلەر كېلەر، كەتمەنلەنگەنلەر كەلمەس.

كونىسىز يېڭى بولماس،
يامانسىز ياخشى (بولماس).

كوزا كۈندە سۇنماس،
كۈندە سۇنار.

كوسىغا تاغاق كەتمەس،
سوپىغا باغاق (كەتمەس).

كۆسەي ئۇزۇن بولسا، قول كۆيمەس.

كۆز كۆرمىسە قاراق يانماس.

كۆلدە يۈرگەن دوغداق
چۆلنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

كۆڭۈل ئۇخلىمىغۇچە كۆز ئۇخلىماس.

كۆرۈنمەيدىغان قىر يوق،
ئېچىلمايدىغان سىر (يوق).

كۈن ئۆتەر، يىل ئۆتەر،
ئادەمگە قېرىلىق يېتەر.

كۆز يېشى ئوتنى ئۆچۈرەلمەس.

كۆكتە ئۇچقاننىڭ ھەممىسى شۇڭقار ئەمەس.

كۆز ھەرقانچە روشەن بولسىمۇ،
ئۆز يۈزىنى كۆرەلمەس.

كۆسەي قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ،
كۆيۈپ تۈگەر.

كۆڭۈلگە كەلگەن قولدىن كەلسە
پۈتمەيدىغان ئىش بولماس.

كۆز كىچىك بولسىمۇ،
كۆرىدىغىنى چوڭ.

كۆسەينى كىم تۇتسا،
شۇنىڭ قولى قارا بولار.

كۆڭۈلچەكنىڭ كۆڭلى تىنماس.

كۆمۈرنىڭ ياخشىسى مەشتە ئايرىلار،
كارۋاننىڭ ياخشىسى دەشتتە (ئايرىلار).

كۈننى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولماس.

كۈن نۇرى پاسكىنا يەرگە چۈشكەنگە
پاسكىنا بولۇپ كەتمەس.

كۈن چىقمىسىمۇ كەچ بولىدۇ.

كۈن نۇرى كۆمۈلمەس،
هەق ئېگىلەر سۇنماس.

كۈن بولمىسا گۈل قۇرۇيدۇ،
سۇ بولمىسا كۆل (قۇرۇيدۇ).

كېسەلنىڭ باشلىنىشى زۇكامدىن،

ئادەمنىڭ بۇزۇلۇشى پوكاندىن.

كېيىنكى چاق ئالدىنقى چاقنىڭ ئىزىدىن ماڭار.

كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق.

كىتابتا بار دەپ قورساق تويدۇرار،
ئايەتتە يوق دەپ ئادەم قورقۇتار.

كىشنىمەيدىغان ئات يوق،
چىشلىمەيدىغان ئىت (يوق).

كۆز كۆرمىگۈچە چىراغ يانماس.

گەپ تولا يەردە ئىش بۇزۇلار.

گۆش بار يەردە مۈشۈك جىم ياتماس.

گۆشنىڭ سۆڭىكى بار.

گۈمبەزگە ياڭاق قويساڭ دومىلاپ چۈشەر.

گۈمبەزگە ياڭاق ئاتساڭ دۈگىلەپ چۈشەر.

گۈل قەدرىنى قارىغۇ بىلمەس،
ساز قەدرىنى ساغرۇ[1] (بىلمەس).

---

① ساغرۇ — گاس.

لەقەم ئۆيدىن چىقار.

مانتىنىڭ قىيمىسى ئىچىدە.

مال ئىگىسىنى دورىمىسا هارام.

مۇزنىڭ ئۆمرى باهارغىچە.

مۇشت ھەقىقەتنى يىقىتالماس.

مۆرىمەس كالا يوق،
يىغلىماس بالا (يوق).

مۇشۇك يۇزىنى يۇغان بىلەن چاشقان يەر.

مۇشۇكنى هارۋىغا قاتساڭ،
كاتىنىڭ ئاستىغا تارتار.

مۇشۇكى ياخشى ئۆينىڭ تاغىرى پۇتۇن.

مۇشۇك مىياۋلىماي گۆش يىسە كۆپ يەر.

مىڭ بۇقىنى پىچىۋەتسە،
بىر غۇنىجىنىڭ پەرۋايىغا كەلمەس.

مېۋىسىز دەرەخ ئوتۇن بولۇر.

ناندا كىندىكنى كەسكىلى بولماس.

نادان پادىشاھ كەڭ جاھاننى تار قىلار،
بىلىملىكنى خار (قىلار).

ناغرا ــ سۇناي ئاۋازى يىراقتىن ياخشى.

نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن.

ھايۋانغا تۇك يارىشار،
يەرگە كۆك (يارىشار).

ھارامغا ئارام يوق،
راستچىللىققا زاۋال (يوق).

ھاپىتىغا شاپىتى،
قۇم قازانغا لاي تۇۋاق.

ھەقىقەت ئوتتا كۆيمەس، سۇدا چۆكمەس.

ھەقىقەتكە تونىنىڭ لازىمى يوق.

ھەر كىمنىڭ چىرىغى ئۆزىنىڭ ئۆيىنى يورۇتار.

ھەر مەخلۇق ئۆز خۇيىنى قىلار.

ھەر ئىشنىڭ يولى باشقا،
ھەر گىياھنىڭ گۈلى (باشقا).

ھەممە ئادەمنىڭ پەنجىسى بەش.

ھەر قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچى باشقا.

ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت.

ھەر كىشى ئۆز غېمىدە،
كور كىشى كۆز (غېمىدە).

ھەقنىڭ چىرىغى كۆيەر،
ئۆچۈرگەننىڭ ساقىلى (كۆيەر).

ھەقىقەتكە دەۋا يوق.

ھەقىقەتنىڭ تىزگىنى چىنلىقنىڭ قولىدا.

ھەقىقەت بىگىزگە ئوخشار،
ئۇنى قاپتا ساقلىغىلى بولماس.

ھەقنىڭ كۆزى جامدەك.

ھەقىقەتنىڭ سېپى ئالتۇن.

ھۆل ئوتۇننىڭمۇ كۆمۈرى قۇرۇق.

ھېسابنىڭ سىرتىدا ئىش يوق،
كالپۇكنىڭ سىرتىدا چىش (يوق).

ئوتتۇز يېشىدا ئەر ئاتالغان
قىرىق يېشىدا شىر ئاتىلار.

ئون كۆلكىنىڭ بىر يىغىسى بار.

ئوت بار يەردە تۈتۈن بار.

ئوسۇرمىسا پۇرىماس.

ئوت كۆيدۈرۈپ قورۇيدۇ،
شامال چىچىپ سورۇيدۇ.

ئوتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيەر.

ئوتتۇز كۈن روزىنىڭ بىر كۈن ھېيتى بار.

ئوت تۈتۈنسىز بولماس،
ئادەم گۇناھسىز (بولماس).

ئون ئېقىندىن بىر دەريا ياخشى،
يۈز كۆلچەكتىن بىر بۇلاق (ياخشى).

ئوغرى قاپقاندا ئۆلەر،
ساراڭ چاپقۇندا (ئۆلەر).

ئۆمىچى يوق مازاردىن شەيخ قاچار.

ئۆزۈن تېرەكنىڭ سايىسى تۇۋىگە چۈشمەس.

ئۆلمەيدىغان جان يوق،
ئۆپرىمايدىغان قازان (يوق).

ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولماس.

ئۆلگەن قايتماس،
ئۆچكەن ياناس.

ئۆگەنگەن خوي ئۆلگۈچە قالماس.

ئۆتمەيدىغان ئۆمۈر يوق،
سۇنمايدىغان تۆمۈر (يوق).

ئۆچكىنى شامال ئۇچۇرسا،
ئوغلىقىنى ئاسماندا كۆر.

ئۆلۈكنىڭ دەردى يوق.

ئۆلمەسنى خۇدا ياراتماس،
سۇنماسنى كوزىچى (ياراتماس).

ئۇزۇلگەن ئارغامچا ئۇلىغانسىرى قىسقىرار.

ئۈچ ئاچا بىلەن چەللە قۇرغىلى بولماس.

ۋاقىت — ئاتقان ئوق،
ئۆتۈپ كەتسە يانغان يوق.

ئېشەك ئۆلسە تېرىسىنى سويغىلى ئادەم چىقار.

ئېغىلدا ئوغلاق تۇغۇلسا، ئېتىزدا ئوتى ئۈنەر.

ئېگىز ـ پەس يەردىن سۇمۇ يامانلار.

ئېقىن سۇغا پاشا قونماس.

ئېغىر تاش سۇدا ئاقماس.

ئېشەككە ئوڭ ـ سولدىن مىنگەننىڭ پەرقى يوق.

ئېگىزدىن يىقىلغان قاتتىق چۈشەر.

ئېرىقتا لەھەڭ يوق.

ئېشەك ئارپا تېتىقىنى بىلمەس.

ئېلىپتەك رۇس بولساڭ،
ھېچ بالا يوقتۇر ساڭا.
لام ئېلىپتەك ئەگرى بولساڭ،
ھەر بالا باردۇر ساڭا.

ئىت ئۆگزىگە چىققان بىلەن
ئىگىسىدىن ئېگىز ئەمەس.

ئىش بۆلگەندە تۈگەر،
ئادەم ئۆلگەندە (تۈگەر).

ئىش بېشى بىلەن،
تارازا تېشى بىلەن.

ئىشچاننىڭ پۇلى تۈگىمەس،
بەتخەجنىڭ قەرزى (تۈگىمەس).

ئىسنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلەر.

ئىچى تارنىڭ سىرتىمىقى ئۆزىنى بوغار.

ئىنسان ـــ نۇقسان.

ئىتنى قاۋىدى دەپ تىلىنى كەسكىلى بولماس.

ئىللەت تۈزەلمىگۈچە،
مىللەت تۈزەلمەس.

ئىككى پۇت تەڭ بولسىمۇ،
ئىلگىرى ـ كېيىن ماڭار.

يالغۇز مېڭىپ يول تاپقۇچە چىشىڭ تۆكۈلەر.

يالغان ئېيتساڭ تۇتۇلىسەن،
راست ئېيتساڭ قۇتۇلىسەن.

يامغۇر تامچە بولۇپ چۈشۈپ،
دەريا بولۇپ ئاقار.

ياغلىق قاپاق تەپچىرەر.

يالغۇز قولدىن چاۋاك چىقماس.

يارا ئاغرىقىدىن دىل ئاغرىقى يامان.

ياغاچ قازان بىر قېتىم قاينار.

ياخشى سۆزنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت بولماس.

يار تۇۋنگه ئۆي سالساڭ،
يار بىسىپ ئۆلەرسەن.

ياغاچنى تاشقا تاڭغىلى بولماس.

يالغان سۆز بىر پۇتلۇق،
ھەقىقەت ئىككى پۇتلۇق.

ياخشى كۈننىڭمۇ بوران ـ يامغۇرى بار.

يەر تاغسىز بولماس،
ئەل ياۋسىز (بولماس).

يەڭسەڭ سۇلتان بولىسەن،
يېڭىلسەڭ ئۇلتان (بولىسەن).

يەرنىڭ ئوقى كۆرۈنمەس.

يولۋاسمۇ ئاچ قالسا، چېپىنداق يەر.

يولدىن چىقما، خاندىن قورقما.

يول ماڭسا ئىچىلار،
ئادەم ئىشلىسە ياشىرار.

يۇرت ئاتىسىز بولماس،
كىيىم ياقىسىز (بولماس).

يۈك يېگەن ئىتنىڭ چىچمىقى تەس.

يېقىملىق كۆزدىن بىلىنەر،

توغرىلىق سۆزدىن (بىلىنەر).

يېقىملىق سايرىغان قۇش قەپەستە بولۇر.

يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە،
بېشى تاشقا تېگەر.

يېغى تۈگىسە دۇغى قالار.

يېڭى ئىش — ئۈچ كۈن سۆز - چۆچەك.

يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن قارىساڭ،
ئاسمانمۇ تېرىقتەك كۆرۈنەر.

يازلىق قوغۇن تولاشماس،
تۈزسىز خېمىر قولاشماس.

يىراقتىكى سۇ يېقىندىكى ئوتنى ئۆچۈرەلمەس.

يىغلىماقنىڭ كۈلمىكى بار.

يىڭنە كىچىك بولسىمۇ يۇتقىلى بولماس.

يىقىلماس پالۋان يوق،
يېشىلمەس تۈگۈن (يوق).

## ئوي-خىيال تەپەككۇر توغرىسىدا

ئادەمنىڭ ئېسىلى ئۆلگەندە بىلىنەر،
ئاتنىڭ خۇيى مىنگەندە (بىلىنەر).

ئالدىراپ ئىشلىگەن كىچىك بالىنىڭ ئىشى،
ئالدىرىماي ئىشلىگەن تەدبىرلىك كىشى.

ئاز كۆرگەن كۆپ تېڭىرقار.

ئات قەدرىنى بىلمەس،
پىيادە ماڭمىغۇچە.
ئاچ قەدرىنى بىلمەس،
ئاچ قالمىغۇچە.

ئاتنىڭ نوختىسى ئېشەككە توغرا كەلمەس.

ئالاي دېسەڭ پۇچۇق كوزىنىڭمۇ ئىگىسى بار.

ئاكىسى پۇل، چىمەندە گۇل.

ئالته ئاي ئاتقان پاختام
بىر چاپانغا يەتمىدى.

ئاچچىق مېغىزنى چاينىغان بىلەر.

ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەر،
سۆپۈرگىنىڭ قەدرىنى پەگاھ (بىلەر).

ئاق كۆرۈنگەننىڭ ھەممىسى قار ئەمەس.

ئاچچىق بىلەن چۇچۇكنى تېتىغان بىلەر،
يىراق - يېقىننى ماڭغان (بىلەر).

ئاۋۋال ئۆزۈڭگە باق،
ئاندىن ناغراڭنى قاق.

ئات ئىزىنى تاي باسار.

ئاران تاپقان چېيىمنى پېشىم تېگىپ ئۆرۈۋەتتى.

ئاچ قورساق ئاش تاللىماس،
قاچقان ئادەم يول (تاللىماس).

ئادەمنىڭ كىچىكى بولغۇچە،
ئىتنىڭ كۇچۇكى بول.

ئاتتىن يىقىلدىڭ — پاختىغا يىقىلدىڭ،
ئېشەكتىن يىقىلدىڭ — تاختىغا يىقىلدىڭ.

ئاش قەدرىنى يېگەن بىلمەس،
تاپقان بىلۇر.

ئالدىرىغانغا ئىشتان پۇتلىشار.

ئادەم ئويغا تويماس،
بۆرە قويغا (تويماس).

ئادەم ئادەمنى كۆرسە تېتىلۇر،
ئۇزۇم ئۇزۇمنى كۆرسە چېكىلۇر.

ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ.

ئالدىڭغا قاراپ پىكىر قىل،
ئارقاڭغا قاراپ شۇكۇر قىل.

ئادەمنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن.

ئاچچىق تاتلىققا دۇشمەن،
گۇمان شادلىققا (دۇشمەن).

ئالتە موللام بىر بولسا،
ھەرەم كۆزدىن غايىب بولار.

بۈگۈنكى دوستلىرىڭدىن
ئەتىدىكى دۇشمەنلىرىڭ زېرەك.

بىلىكىڭ توم بولسا،
دۇشمىنىڭ سالامغا كېلەر.

بىر سىرلىق، سەككىز قىرلىق بول.

بىر ئۆي ئون ئۆينى تۇغدۇرار.

بىلىمگە بېقىپ دۇرۇت،
ساقالغا بېقىپ بۇرۇت.

بېگىم ئاتنى توقۇلۇك دەيدۇ،
خېنىم يېلىمنى سوقۇلۇك دەيدۇ.

بېگىمنىڭ خوتۇنى خېنىم بولار.

پوستى يوق پىياز بولماس،
دوستى يوق ئادەم (بولماس).

پۇتاقلىق دەستە پۇختا بولار.

تەسۋىنىڭ يىپى بولار،
هەر ئىشنىڭ ئېپى (بولار).

توكۇر ئېشەكتىن بىكار ئېشەك ئوت تىلەر.

تۇخۇملا بولسا چۈجە چىقىۋەرمەس.

تۆگە ئۇسسۇلغا چۈشسە، قىيامەت قايىم بولار.

تۇگمەن سۇدا چۆرگىلەر،
ئويۇن پۇلدا (چۆرگىلەر).

جان — خۇدانىڭ،
تەن — تۇپراقنىڭ.

جىگدە ـ ياڭاقنىڭ پوستى بار،
ھەممە ئىشنىڭ ئۇستىسى (بار).

چىن دوست دوستىدىن كەچمەس،
دۇشمەن خۇيىدىن (كەچمەس).

خىيال كېچىدە ئېچىلار،
گۇل سەھەردە (ئېچىلار).

دەردى يوق دەردمەننى بىلمەس،
دوستى يوق دۇشمەننى (بىلمەس).

دەرەخ يىلتىزى قېرار،
ئادەم يۈرىكى قېرىماس.

دوستۇڭ تۈز يولغا باشلار،
دۇشمەن زىندانغا (باشلار).

دوستۇڭ گۇل بولسا پۇرارسەن،
دوستۇڭ تىكەن بولسا تىزارسەن.

دوستلۇق يوق يۇرتتىن
دوستلۇق بار چۆل ياخشى.

دوستنىڭ ھېسابى كۆڭلىدە.

دوست دوستنىڭ ئەينىكى.

دوستى بارنىڭ دۈشمىنى بار.

دوستلار ئارازلاشسا،
دۈشمەننىڭ كۆنى تۇغۇلار.

دوستۇڭ بىلەن كۆندە ھېسابلاش،
دۈشمىنىڭ بىلەن يىلدا (ھېسابلاش).

دوستقا دەرد كەلسە،
دۈشمەنگە توي بولار.

دوست تاش بەرسە گۆھەر دەپ بىل،
دۈشمەن ئاش بەرسە زەھەر دەپ (بىل).

دوستۇڭنىڭ تىلىغا باقماي دىلىغا باق.

دوستۇڭ ئۈچۈن زەھەر يۇت.

دۈشمەن ئۆز ئۆيۈڭنىڭ تۆرى بىلەن
تۆشۈكىدىن چىقار.

دۈشمەن پىتنە تارقىتار،
دوست ھەقنى (تارقىتار).

دوستقا خىيانەت ئۆلۈمدىن يامان.

دۈشمەن قەست قىلسا، دوست قۇتۇلدۇرار.

دۈشمىنىڭنىڭ دوستىدىن قاچ،
دوستۇڭنىڭ دۈشمىنىدىن (قاچ).

دۈشمىنىڭنىڭ يېقىنى ساڭا دوست ئەمەس.

دۈشمەنگە شەپقەت ــ ئۆزۈڭگە كۈلپەت.

ساقال دېگەن تۈك،
سەللە دېگەن يۈك.

سۇ ئاقار ئېقىندىن،
بالا كېلەر يېقىندىن.

سۆزلىمىگەن ئېغىزدىن
چاپاق باسقان كۆز ياخشى.

سىيگەك سۇغا ئامراق.

سىنالمىغان دوستتىن
سايدىكى تاش ياخشى.

شەھەر كۆرگەن ئۆچكىدىن قاچ.

قەلەمگە ئالەم پاتار،
كۆڭۈلگە دۇنيا (پاتار).

قولۇم بېشىڭدىن سەدىقە بولسۇن.

قېرى قىل بىلەن تام قىلار،
ياش يانچۇقنى دام (قىلار).

قېرىمۇ كىچىكمدە بالا بولغان.

قىل يىغساڭ ئارغامچا بولۇر،
تاسما يىغساڭ قامچا (بولۇر).

كۆك سۆيگەن دەرەخ ئۆسەر قەلەمچىدىن،
ئەر چىقماس خۇشامەتگۇي تىلەمچىدىن.

كۆپ ئويلىساڭ ئەقىل تاپىسەن.

كۆڭۈل بىر غۇنان تاي،
چاپىدۇ ھەر يەرگە تىنماي.

گۇمان ئەقىلدىن ئازدۇرار.

موللىنىڭ دۇئاسى تولا، بەرىكىتى يوق.

مىڭ كۆرۈشكەن دوست ئەمەس،
ۋاپا قىلغان دوست.

ناچار دوستتىن تاياق ياخشى،
ناچار ئاتتىن ياياق ياخشى.

ھەر كاللىدا بىر خىيال،
تاز كاللىدا مىڭ خىيال.

ھەر كىشىدە بىر خۇي،
خۇي بولمىسا بىر ئۇي.

ئويلىماي قىلغان ئىشىڭدا،
كۆندە غوۋغا بېشىڭدا،

ئويلىماي ئىش قىلساڭ،
سانىماي تاياق يەيسەن.

ئويناپ ئېيتتى، كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى.

ئويلىساڭ كەڭ ئويلا،
كەڭ ئويلىمىساڭ تەڭ ئويلا.

ئۆلپەت تاپ ـــ قۇدرەت تاپ.

ئېشەك ھاڭرىسا،
ئىتنىڭ كۆڭلى ئاينىپتۇ.

ئېيىق بىلەن تۇرماق،
جاننى قولغا ئالماق.

ئىنسان تەخمىن قىلار،
تەڭرىم تەقسىم قىلار.

ئىتنىڭ كۆڭلى سۆڭەكتە.

ياخشى دوستۇڭ تاشلىماس،
يامان يولغا باشلىماس.

ياخشى دوست يۈرگەندە ياخشى،
يامان دوست ئۆلگەندە (ياخشى).

ياخشى دوست جاندىن ئەزىز.

ياخشى يېرىڭنى دوستۇڭ كۆرەر،
يامان يېرىڭنى دۈشمىنىڭ (كۆرەر).

ياخشى دوست يولداشتۇر،
ئۆتكۈر قىلىچ قولداشتۇر.

ياخشى دوست دەردكە داۋا،
نادان دوست باشقا بالا.

ياخشى بىلەن دوست بولساڭ،
ئېچىلار چېچەكلىرىڭ.
يامان بىلەن دوست بولساڭ،
يېرىلار يۈرەكلىرىڭ.

(ياخشى بىلەن دوست بولساڭ،
ئېچىلار چېچەكلىرىڭ.
يامان بىلەن دوست بولساڭ،
يىرتىلار ئېتەكلىرىڭ).

يۈزنىڭ قارىلىقى ئۇيات ئەمەس،
يۈزى قارىلىق ئۇيات.

يىغىسى يوق ماتەم بولماس،
ئازمايدىغان ئادەم (بولماس).

يىراقتىكى دۈشمەندىن
ئايىنىپ كەتكەن دوست يامان.



# تۇرمۇش ئەمەلىيىتى توغرىسىدا

ئات يىقىلماي يول تاپماس.

ئالما يەپ دەرد تارتقۇچە،
ئۆرۈك يەپ ئۆلگەن ياخشى.

ئالدى تار، كەينى تاغار.

ئالدىدا ماڭساڭ ئوق تېگەر،
كەينىدە ماڭساڭ دوق (تېگەر).

ئەگرى پاچاققا دوناي توقماق.

ئەگرى تاياق قاڭشار يارار.

ئەتىۋارلىق كۆچۈك ئىگىسىز قاپتۇ.

ئەسكىنىڭ ھالى يامان،
ناساللىقنىڭ مانجۇسى (يامان).

ئەر — ئوت،
خوتۇن — سۇ.

ئەل باسمىغان يەردە كۆپ يۇرسە يول بولۇر.

ئەتىگەنلىك كۈن نۇرى ئىسسىق بېرەلمەس،
بىر دەملىك راھەت بەخت بېرەلمەس.

ئەخمەق ئەلچى ئىش بۇزار،
يامان ئادەم يۇرت (بۇزار).

باراڭغا چۈشكەن قاپاقنىڭمۇ
ئۆزىگە تۇشلۇق ھالى بار.

بالا يىغلىمىسا، ئانا ئەمچەك سالماس.

بارمايمەن دېگەن تۇگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ.

بالىنىڭ ئىشى ئىش بولماس،
ئوغلاق مۈڭگۈزى شىش (بولماس).

بەگ بىلەن ئېلىشما،
دەرەخ بىلەن چېلىشما.

بەڭگىگە بىر تامچە سۇ دەريا كۆرۈنەر.

بويۇن بولسا بويۇنتۇرۇق تېپىلار.

بۇرنىغا يېمىگۈچە، موللا بولماس.

بۇ جاھان ئۇزۇن جاھان،
كىم ـ كىملەردىن قالمىغان.

بارىنى ئوغرى ئالدى،
قالغىنىنى قاراقچى (ئالدى).

بىر زىياننىڭ بىر ساۋىقى بار.

بىلمىگەن يەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرى كۆپ.

بىر ئوڭۇشسىزلىق بىر ئەقىل بېرىدۇ.

بىر يىلاننى توغرىسا،
ئۈچ كەسلەنچۈك بولۇر.

بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇپتۇ.

بىر ئىت كۆرۈپ قاۋىسا،
مىڭ ئىت كۆرمەي قاۋار.

بىلگەنگە تۈز يول يېقىن،
بىلمىگەنگە ئۆز يول (يېقىن).

بىكار مانتا بەرسە پىيىزى گىچىلداپتۇ.

بىكارغا مۈشۈكمۇ ئاپتاپقا چىقماس.

پىچاق گال بولسىمۇ قولنى كېسەر،
تاش كىچىك بولسىمۇ باشنى تېشەر.

تازىنىڭ كۆزى چاچتا،
قىزنىڭ كۆزى قاشتا.

تاشمۇ تاش، گۆھەرمۇ تاش.

تالادا غوۋغا قىلغاننىڭ
ئۆز ئۆيىدە زوۋانى يوق.

تام زەيدىن ئۆرۈلەر،
ئادەم غەمدىن (ئۆرۈلەر).

تاش مېۋىلىك دەرەخكە ئېتىلار.

تۆگەڭ نار بولسا، يۈكۈڭ يولدا قالماس.

تۈگمەندە تۇغۇلغان چاشقان
گۈلدۈرمامىدىن قورقماس.

تۈگمەن سۇدا چۆرگىلەيدۇ،
سېكىلەك پۇلدا (چۆرگىلەيدۇ).

تۇخۇم ئوغرىلىغان، توخۇنىمۇ ئوغرىلار.

تۈگمەيدىغان ئىش يوق،
قىلتاقتا چۇشمەيدىغان قۇش (يوق).

تېپىلغىلى مۇز ياخشى،
يۈگۈرگىلى تۈز (ياخشى).

تىلىگەندىن ئۆلگەن ياخشى،
يىغلىغاندىن كۈلگەن (ياخشى).

جاھان كۆرگەن — زامان كۆرگەن.

جاڭجاللىق ئۆيدە بەرىكەت يوق.

جۇۋازچى تۇرقىدىن مەلۇم.

جۇۋاننىڭ قېشىنى كۆرۈڭ،
تاۋىقىنىڭ تېشىنى (كۆرۈڭ).

جۇۋان بىلگەننى قىز بىلمەس.

چەت بىنەمنىڭ تولكىسى كۆپ،
خۇشامەتچىنىڭ كولكىسى (كۆپ).

چۆلدە ئۆسكەن قامغاقنىڭ
خېرىدارى شەھەردە.

چۇجىگە تېرىق ياخشى،
سۇغا ئېرىق (ياخشى).

خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن قورقساڭ،
ھېچ ئىش قىلما.

خوتۇن كىشى پىششىق گۆش.

زامانى باشقىنىڭ ئامالى باشقا.

زامانى بىرنىڭ زارى بىر.

زاغرا باتۇر، بىردەم بولمىسا كۆزنى ئويناتۇر.

زەي تامغا كاكۇل تۇتماس،
سوغۇق تونۇرغا نان (تۇتماس).

سۇنايغا بېقىپ داپ ئۇر،
ئىشىڭغا بېقىپ لاپ (ئۇر).

سۇ پەسكە ئاقار،
ئادەم ئېگىزگە باقار.

سۈت قاراڭغۇدىمۇ ئاق كۆرۈنەر.

سېۋەت ئېغىزىدىن چۇۋۇلار.

شەھەر ئالىمەن دەپ،
شەرمەندە بوپتۇ.

شوتىغا چىقتىم يىقىلدىم،
ئۆگزىگە چىقتىم سېپىلدىم.

قانجۇقىنى قوغلىساڭ
كۈچۈكلىرى قاۋار.

قاغا كەكلىكنى دورايمەن دەپ،
مېڭىشىنى بۇزۇپتۇ.

قارىغۇ ھاسىسىنى بىر قېتىملا يوقىتار.

قايغۇرغاندىن يالغۇرغان يامان.

قورسىقىڭنىڭ ئاغرىقى بولمىسا،
تاۋۇز يېيىشتىن قورقما.

قوي سەمرىسە ياۋاشلار.

قېرى، يامان ئىشتىن نېرى.

قېرى دوڭغاق كېلەر،
سوغۇققا توڭغاق كېلەر.

قېلىپسىز خىش بولماس،
سەۋەبسىز ئىش (بولماس).

قېرى بىلگەننى پىرى بىلمەس.

كاۋىسى يوق پېلەكتىن
تەمى يوق خەمەك ياخشى.

كوزىچى پۇچۇق كوزىدا سۇ ئىچەر.

كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ،
قۇلاق ئاڭلىغان يالغان.

كۆپ تۇرغاندىن سورىماي،
كۆپ كۆرگەندىن سورا.

كۆيۈك يارىنىڭ دەردىنى
بىرى كۆيگەن، بىرى كۆرگەن بىلەر.

كۆلنىڭ چۆرىسى ئىككى غۇلاچ نەم.

كۆزگە قۇلاق گۇۋاھچى،
ئېغىزغا بۇرۇن (گۇۋاھچى).

كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق.

كۆپ ئاغرىغان ئەمچى بولۇر،
كۆپ ماڭغان يولچى (بولۇر).

كۆڭلى تۈزنىڭ گېپى تۈز.

كۆزى ئاچ — غەملىك بولۇر،
كۆزى توق — پەملىك بولۇر.

كۆپ ياشىغان كۆپ بىلمەس،
كۆپنى كۆرگەن كۆپ بىلۇر.

كۈندۈزى ماڭغان يىلاننىڭ ئۆمرى قىسقا،
كېچىسى ماڭغان ئەرنىڭ ئۆمرى (قىسقا).

كېلە قوغلىسا جاڭگالغا قاچ،
يىلان قوغلىسا تۈز يەرگە (قاچ).

كىيمەككە ئۆتۈك ياخشى،
ماڭماققا چورۇق (ياخشى).

كىشىگە ئورا كولىساڭ،
ئۆزۈڭ چۈشەرسەن.

كىمنىڭ گېپىنى قىلساڭ شۇ كېلەر،
جىننىڭ گېپىنى قىلساڭ جىن كېلەر.

كېكەشلىك ئىش بۇزۇلماس،
ئىنچىكە تىكىش سۆكۈلمەس.

لايدىن ياسالغان خام كوزا
سۇدىن ساق چىقماس.

لاي سۇ كۆپنى بۇزار،
پالچى يۇرتنى (بۇزار).

— لەقۋا بىلەن تەقۋانىڭ پەرقى نەدە؟
— ئولتۇرغان يېرىدە.

لولا قولدىن ئالار،
قاراقچى يولدىن (ئالار).

مەن بارمىغان شە[1] ئەمەس،
پۇل بەرمىسە نان بەرمەس.

مەسچىتنىڭ مورىسى يوق،
ساراڭنىڭ دورىسى (يوق).

مەن كۆيەرمەن بالامغا،
بالام كۆيەر بالىسىغا.

---

[1] شە — شەھەر.

مۇشۇككە ئىچ ئاغرىتساڭ
كەپتەرگە كۈن يوق.

مۇساپىر بولمىغۇچە،
مۇسۇلمان بولماس.

هارۋا سۆرىگەن ئۆكۈز قوشقا يارىماس.

هارۋاڭ سۇنسا ئوتۇن بولار،
كالاڭ ئۆلسە گۆش (بولار).

هەسەل ئالغان قاچىنىڭ يۇقى بار.

هەر ئىشنىڭ يولى باشقا،
هەر گىياهنىڭ گۈلى (باشقا).

هەر يەرنىڭ تۇلكىسىنى شۇ يەرنىڭ
تايغىنى بىلەن ئوۋلىغان ياخشى.

هەسەل تاتلىق بولسىمۇ يېمىگۈچە بىلىنمەس.

هەر ئوڭۇشسىزلىق بىر ئەقىل ئۆگىتەر.

هۇرۇننىڭ قولى تومۇزدىمۇ توڭلار.

هىيلىگەرنىڭ كۆزى قىيسىق.

ئوشۇق قىمارىدىن گال قىمارى يامان.

ئوغرىنىڭ دۈشمىنى ئاي،
يۈتنىڭ دۈشمىنى لاي.

ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگۈچە، ئىچىدە كۆي.

ئويلىمغان ئىشىڭدا،
كۈندە غوۋغا بېشىڭدا.

ئۆچكە سۇدا ئاقسىمۇ
قۇيرۇقى دىك تۇرار.

ئۆچكىنىڭ مويى تۈگىمەس،
بەڭگىنىڭ ئويى (تۈگىمەس).

ئۆزىنى ياخشى كۆرمىگەن
ئۆزگىنىمۇ ياخشى كۆرمەس.

ئۆتنىگە لاپقۇت،
ئۆتۈككە ئاپقۇت.

ئۆيدە قىلغان مەسلىھەت
خىيدا① قاملاشماپتۇ.

ئۈممەتسىز پەيغەمبەر يوق،
مۇرىتسىز پىر (يوق).

① خىي ــ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا قىي ، قومۇل شېۋىسىدە مەھەللە دېگەن مەنىدە.

ئېگىز تاغنى يىمىرگەن چۈمۈلىنىڭ ئۈۋىسى.

ئىت قاۋىغان يەردە ئادەم بار.

ئىچىمدە ئىش تولا،
قولۇمدىن ئۇسسۇل كەلمەيدۇ.

يامان بولساڭ ئاسىدۇ،
ياۋاش بولساڭ باسىدۇ.

يامانىنى كۆرمىگۈچە،
ياخشىنىڭ قەدرىگە يەتمەس.

ياغمىغان يامغۇرغا چەكمەن يېپىنچا.

يەر تەۋرىسە ئىت قاۋاپ تىنماس،
چاشقان چىرقىراپ (تىنماس).

يول سورىغان يولدىن ئازماس.

ياۋاش دېسەڭ قوي باق،
باي بولاي دېسەڭ تورپاق (باق).

يېمەي - ئىچمەي بول بېخىل،
باي بولمىساڭ مەن كېپىل.

يېڭى كۆلنىڭ سۈيى تاتلىق.

يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماس.

يىلان چاقسا پىلمۇ چىرقىرار.

يىرىك قۇم قولدا تۇرماس.

يىڭنە يىپى بىلەن،
ھەر ئىش ئىپى بىلەن.



# بىلىم توغرىسىدا

ئادەم ئىلمى بىلەن ئەلگە نەپ بېرەر،
دەرەخ مېۋىسى بىلەن (ئەلگە نەپ بېرەر).

ئادەمنى ئۆتكۈر قىلغان ئاڭ،
قىلىچنى ئۆتكۈر قىلغان گاڭ.

ئادەمگە بىلىم كېرەك،
خارەتكە[1] يىلىم (كېرەك).

ئالىمنىڭ خۇمارى بىلىم،
بەڭگىنىڭ خۇمارى چىلىم.

ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى.

ئادەم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى.

ئادەم بالىسىنىڭ باھاسى بىلىم بىلەن.

---

① خارەت ــ ياغاچچى.

ئاتىلارنىڭ سۆزى ــ ئەقىلنىڭ كۆزى.

ئادىمى بىلگىنىنى دىر،
توخۇ كۆرگىنىنى يىر.

ئالتۇن كېلەر كاندىن،
بەخت كېلەر پەندىن.

ئالىم بولاي دېسەڭ ئالەمنى كەز.

ئات ئايغى بىلەن سىنىلار،
ئىنسان بىلىمى بىلەن (سىنىلار).

ئالەم چىرىغى ــ كۈن،
ئادەم چىرىغى ــ بىلىم.

ئادەم بىلىم بىلەن ئاقىرار،
تام گەج بىلەن (ئاقىرار).

ئالىم ــ ئالتۇندىن ئەلا.

ئادەمنىڭ قەدرى بىلىمگە قاراپ،
قوغۇننىڭ تەمى بېقىمغا (قاراپ).

ئەقىلسىزگە گەپ قىلماڭ،
تاشقا مىخ قاقماڭ.

ئەقىللىق بىلىم ئىزدەر،
سۆلەتۋاز كىيىم (ئىزدەر).

ئەمىلىڭ بىلەن ئاتالغۇچە،
بىلىمىڭ بىلەن ئاتال.

ئەقىللىق بىلىم ئالار،
چاكىنا چىلىم (ئالار).

ئەقىل خورىماس تاغ،
بىلىم قۇرۇماس باغ.

ئەقىل — بىلىمنى تاپار،
بىلىم — ئەقىلنى ئاچار.

ئەقىل - پاراسەت بىلىمدىن كېلەر.

بايلىق توپلىغاندىن ئەقىل توپلىغان ئەلا.

بار بىلىملىك، يوق چولانتاي.

بوياق بىلەن بويىغۇچە تېشىڭنى،
بىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى.

بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر،
بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى (يېڭەر).

بىلىملىك كىشىنى ماختار،
بىلىمسىز ئۆزىنى (ماختار).

بىلىم ئىشقىدا كۆيسەڭ
ئالتۇن شوتىدا ئۆرلەيسەن.

بىلىم ئالساڭ تىلىڭ چىقار،
ئالمىساڭ يېلىڭ چىقار.

بىلىملىك بىلىمسىزدىن تۆر تالاشماس.

بىلىملىك نۇرلىنار،
بىلىمسىز خورلىنار.

بىلىملىك تاللىنار،
بىلىمسىز شاللىنار.

بىلىمىم بار دېسەڭ،
بىلىكىڭنى پەس تۇت.

بىلىم — ئاش،
ئالتۇن — تاش.

بىلىمسىزنىڭ بېگى بولغۇچە،
بىلىملىكنىڭ سەگى[1] بول.

بىلىملىك بال تۆكەر،
بىلىمسىز هال (تۆكەر).

بىلىملىك ياشنار، ئۆلمەس،
بىلىمسىز يىغلار، كۈلمەس.

---

① سەگ — ئىت.

بىلىملىكنىڭ كۆڭلى خۇش،
بىلىمسىزنىڭ بېلى بوش.

بىلىملىكنىڭ يولى ئوچۇق،
بىلىمسىزنىڭ تىلى پۇچۇق.

بىلىمسىزنىڭ قىممىتى بولماس،
شەپقەتسىزنىڭ ھىممىتى (بولماس).

بىلىملىك يۇرتنىڭ بېشى،
بىلىمسىز سايىنىڭ تېشى.

بىلىم باشتا،
ئوسما قاشتا.

بىلىم — ئەرگە قانات.

بىلىمسىزنىڭ قەدرى يوق.

بىلىمسىزنىڭ ئىشى بىر،
بىلىملىكنىڭ ئىشى مىڭ.

بىلىملىك بولسا كىشى،
كۆككە يېتەر بېشى.

بىلىمسىز ئۆتكەن ئۆمۈر،
ئوتى ئۆچكەن كۆمۈر.

بىلىم — تۈگىمەس بايلىق.

بىلىم — تۈگىمەس بايلىق.

بىلىم — ئاچچىق يىلتىزدىن ئۆسكەن مېۋە.

بىلمەسنىڭ جاۋابى — ۋايتاڭ.

بىلىمسىز پادىشاھتىن
بىلىملىك گاداي ياخشى.

بىلىملىكتە نەپ تولا،
بىلىمسىزدە گەپ (تولا).

بىلىملىك ئالىمنى دوست تۇتار،
بىلىمسىز زالىمنى (دوست تۇتار).

بىلىملىكنىڭ كۆڭلى گۈلىستان،
بىلىمسىزنىڭ كۆڭلى گۆرىستان.

بىلگىنىڭنى يوشۇرساڭ
پۇشايمانغا قالىسەن.

بىلىملىك سۆزلىسە ئالقىش،
بىلىمسىز سۆزلىسە قارغىش.

بىلىكىڭگە ئىشەنگۈچە،
بىلىمىڭگە ئىشەن.

بىلگىنىڭنى ئايىما،
بىلمىسەڭ كايىما.

بىلىمسىزنىڭ ئىشى ئاينىماس .

بىلىم كۆندە كىرەك،
چىراغ تۆندە (كىرەك).

بىلىملىك ھاۋادا ئۇچار،
بىلىمسىز تەمەدە تۇرار.

بىلىملىك دۆلەتمەن بولۇر،
بىلىمسىز سۆلەتمەن بولۇر.

بىلىملىكنىڭ ھۆرمىتى زور،
بىلىمسىزنىڭ ھەسرىتى (زور).

بىلىمسىزگە ئىش يوق،
ئىشسىزغا نان يوق.

بىلگەنگە ئوچۇق،
بىلمىگەنگە تۇتۇق.

بىلىمسىز ئىشكى ئوچۇق ئۆي.

بىلىملىككە سائادەت كۆپ،
بىلىمسىزگە پالاكەت (كۆپ).

بىلىمنى ئوغرى ئالالماس.

بىلىمسىزگە ھال ئېيتقۇچە،
ئىچىڭدە سىبىسپ كەتسۇن.

بىلگەنگە ئون ئىككى،
بىلمىگەنگە ئوتتۇز ئىككى.

بىلىم — دۆلەت،
كىيىم — سۆلەت.

بىلىم ئالمىغان ياش — تام تۇۋىدىكى تاش.

بىلمەسلىك نامەردلىكتىن يامان،
ئىزا ئۆلۈمدىن (يامان).

بىلىم جەننەتكە ئېلىپ بارار.

بىلگىنى راۋاب چالار،
بىلمىگىنى چاۋاك (چالار).

بىلىملىك كىشى ئۆز ئۆمرىگە ئالىملىق قىلار،
بىلىمسىز كىشى كۆپىنىڭ ئۆمرىگە زالىملىق قىلار.

بىلىملىكنىڭ باھاسى يوق،
بىلىمسىزنىڭ ساپاسى (يوق).

بىلىملىك ئاسمانغا چىقار،
بىلىمسىز پاتقاققا چۈشەر.

بىلىملىكنىڭ ۋاپاسى كۆپ،
بىلىمسىزنىڭ جاپاسى كۆپ.

بىلىمىڭ بولسا زىيادە،
قالمايسەن ھەرگىز پىيادە.

بىلىملىك ئەل غېمىدە،
نادان ئەجەل غېمىدە.

بىلىمسىزدىن ئۆلگە چىقماس،
كۆڭۈلسىزدىن كۆلكە (چىقماس).

بىلىملىكنىڭ سۆزى تاتلىق،
بىلىمسىزنىڭ سۆزى قاتتىق.

بىلىملىك چولپانغا ئوخشار،
بىلىمسىز ئۆلتاڭغا (ئوخشار).

بىلىم يۇلتۇزنى ئۆيگە قوندۇرار.

بىلىملىك پاراغەتتە ئۆتەر،
بىلىمسىز خۇشامەتتە ئۆتەر.

بىلىمسىزنىڭ بولسا زامان،
قاراڭغۇ بولۇر جاھان.

بىلىم بولسا سۆزدىن ئازماس،
ئەقىل بولسا يولدىن ئازماس.

بىلىملىكتىن نۇر چىقار،
بىلىمسىزدىن قۇسۇر (چىقار).

بىلىم ئېلىش يىڭنە بىلەن
قۇدۇق كولىغانغا ئوخشاش.

بىلىملىك كىشى باغقا ئوخشاش،
گېپى چىرايلىق گۈلگە ئوخشاش.

بىلىم ــ ئەقىل چىرىغى.

بىلىملىك ئېلىنى ئويلار،
نادان گېلىنى (ئويلار).

بىلىملىكتە بال بار،
بىلىمسىزدە ھال (بار).

بىلىملىك پەم بىلەن ئۆتەر،
بىلىمسىز غەم بىلەن (ئۆتەر).

بىلىمسىز كىشى ــ مېۋىسىز دەرەخ.

بىلىملىك پۇلغا باي،
بىلىمسىز قىمارغا (باي).

بىلىم بىلگۈچىدە،
ئەقىل سەزگۈچىدە.

بىلىم يېنىپ تۇرغان چىراغ،
ھۇنەر ئېقىپ تۇرغان بۇلاق.

بىلىملىك ئۇزار،
بىلىمسىز تۇزار.

بىلىملىك كىشى ــ بولۇر ئىشىنىڭ بېشى.

بىلگەن بىلگىنىنى ئىشلەر،
بىلمىگەن بارمىقىنى چىشلەر.

بىلىمسىز ئادەم پۇراقسىز گۈل.

بىلىم قاچماس تىرىشچاندىن،
بەخت قاچماس ئىشچاندىن.

بىلىم يىغىش ئالتۇن يىغىشتىنمۇ ئارتۇق.

بىلىملىك باشقا قارايدۇ،
بىلىمسىز ئاشقا (قارايدۇ).

بىلىمسىز باش يارار،
بىلىملىك تاش (يارار).

بىلىم تاپماي ماختانما.

بىلىملىك ئىشىغا ئىشىنەر،
نادان چۈشىگە (ئىشىنەر).

بىلىملىك ئۆزىنى سورايدۇ،
بىلىمسىز ھايۋاننى دورايدۇ.

بىلىمسىزنىڭ بالىسى بولغۇچە،
بىلىملىكنىڭ ھاسىسى بول.

بىلىمسىزلىك ئەيىب ئەمەس،
ئۆگەنمەسلىك ئەيىب.

بىلىمدىن ئارتۇق بايلىق يوق.

بىلىملىك ئويلاپ سۆزلەر،
بىلىمسىز قايناپ (سۆزلەر).

بىلىملىك ئەل غېمىدە،
نادان گال (غېمىدە).

بىلىم — ئەرنىڭ يۈزى.

بىلىمسىز ئەماغا ئوخشار.

بىلىمسىز شەھەر سورىماس،
شەھەر سورىسا يېشى قۇرۇماس.

بىلىملىك سەۋر قىلار،
بىلىمسىز جەبىر (قىلار).

بىلىم ئالەمنى ئاۋات قىلار،
مېھنەت تۇرمۇشنى ناۋات قىلار.

بىلىم يولى تار ئەمەس،
پەن ئۆگەنگەن خار ئەمەس.

بىلىملىكنى داۋ ئالالماس،
دوستى كۆپنى ياۋ (ئالالماس).

بىلىملىك بىلىمى بىلەن،
بەگگى چىلىمى بىلەن.

بىلىم كۆككىمۇ يەتكۈزەر،
كۆپكىمۇ يەتكۈزەر.

بىلىملىك ئۆزىنى ئەيىبلەر،
بىلىمسىز دوستىنى (ئەيىبلەر).

بىلىملىكتىن ئارتۇق دۆلەتمەن يوق.

بىلگىنىڭنى ئايىما،
بىلمىگەننى بىلىمەن دەپ كايىما.

بىلىم تىرىشقانغا يار.

بىلىم ئال خار بولمايسەن،
ئىشلىمىسەڭ باي بولمايسەن.

بىلىمسىز بولغىنىڭدىن گاچا بولغىنىڭ ياخشى.

بىلىم بىلەن قۇدرەت تاپ،
تەن ـ جىسمىڭغا قۇۋۋەت تاپ.

بىلىمسىز هايات ـــ پۇراقسىز گۈل.

بىلىملىكنىڭ قولدىشى شىجائەت،
دۈشمىنى قانائەت.

بىلگەن غىزاغا ئۈچرار،
بىلمىگەن ئىزاغا (ئۈچرار).

بىلىملىك كىشى شىپالىق يامغۇر.

بىلىمسىزنىڭ ئىپى يوق،
تىڭشىغۇدەك گىپى (يوق).

بىلىمسىزدە پەم يوق،
تۈزسىز ئاشتا تەم (يوق).

پالاقسىز قېيىق قىرغاقتا يەتمەس،
بىلىمسىز كىشى مۇرادقا (يەتمەس).

پەن چىگىشنى ھەل قىلار،
لازىملىقنى تەل قىلار.

پەننىڭ دۈشمىنى دوستلىرىدىن ئاز ئەمەس.

پەننىڭ ھېيلىسى يوق،
بىلىملىكنىڭ قېرىسى (يوق).

پور سۆگەتنىڭ غولى چوڭ،
بىلىمسىزنىڭ گىپى (چوڭ).

پۇلۇڭغا ئىشەنگۈچە،
ئەقلىڭگە ئىشەن.

پۇلى يوق بازارغا ئامراق،
بىلىمى يوق مازارغا (ئامراق).

پىلدەك دۇنيادىن
قىلدەك بىلىم ئەلا.

تايانساڭ ئىلىم ـ پەنگە،
قالمايسەن يامان كۈنگە.

تاز قىزغا تارغاق ياراشماس،
بىلىمسىزگە تاج (ياراشماس).

تەسۋىگە مارجان كېرەك،
ئەل سوراشقا بىلىم (كېرەك).

تەبىئەت — قۇلۇپ،
ئىلىم ـ پەن — ئاچقۇچ.

تېرىمىغان بىر يىل پۇشايمان يەر،
ئوقۇمىغان يۈز يىل (پۇشايمان يەر).

تىل بىلگەن يولدا ئازماس،
بىلىملىك چۆلدە (ئازماس).

تىكەنسىز گۈل بولماس،
جاپاسىز بىلىم (بولماس).

جاپا چەكمەي بىلىم ئالغىلى بولماس.

چاڭقىمىغان سۇ قەدرىگە يەتمەس،
نادان بىلىم قەدرىگە (يەتمەس).

چالا موللا دىن بۇزار.

چالا موللا يۇرت بۇزار،
ئەسكى هارۋا يول (بۇزار).

چوڭقۇر سۇدا بېلىق كۆپ،
بىلىملىكتە ئەقىل كۆپ.

چىغىر بولسىمۇ يول ياخشى،
ئاز بولسىمۇ بىلىم (ياخشى).

چىراغ ئۆينى يورۇتار،
بىلىم كۆڭۈلنى (يورۇتار).

چىراغ يېقىپ يورۇق ئال،
تىرىشىپ ئوقۇپ بىلىم ئال.

چىرايلىقتىن كىيىم تالاشقۇچە،
سەتتىن بىلىم تالاش.

دەرەخنىڭ ئاينىشى بۇلاقتىن،
بىلىمنىڭ كۆپىيىشى كۆز بىلەن قۇلاقتىن.

دەرەخنىڭ مېۋىسى تەنگە قۇۋۋەت،
بىلىمنىڭ مېۋىسى ئەلگە (قۇۋۋەت).

دەرەخنىڭ قەد كۆتۈرۈشى غولى بىلەن،
ئادەمنىڭ قەد كۆتۈرۈشى بىلىم بىلەن.

دۇتار تارىسى ساتاردا يوق،
بىلىمسىز كىشى قاتاردا يوق.

رەڭسىز قەلەمدىن خەت چىقماس،
بىلىمسىزدىن نەپ (چىقماس).

ساختىپەز ناداننى تاپار،
بىلىملىكتىن قاچار.

سالجىنىڭ قېنى يوق،
بىلىمسىزنىڭ جېنى (يوق).

سەپەر قىلغان يول بىلۇر،
كۆپ ئۆگەنگەن مول بىلۇر.

سورىغان بىلىم ئالۇر،
ئويالغان كېيىن قالۇر.

سورا ـ سورا بىلىم ئاپتۇ،
ئوينا ـ ئوينا كېيىن قاپتۇ.

سۆلەت گىرىم بىلەن،
گۈزەللىك بىلىم بىلەن.

سۇ بىلەن زېمىن ياشنار،
بىلىم بىلەن ئەل (ياشنار).

سۇ ئاقالماس ئېرىقسىز،
غەرەز ئۇقماس بىلىمسىز.

سۇ بىلەن دەرەخ قۇرۇماس،
بىلىم بىلەن ئادەم خورىماس.

شۆھرەت ئىزدىگۈچە، بىلىم ئىزدە.

قارا سۆگەتنىڭ تۇغانلىقى يوق،
بىلىملىكنىڭ يوغانلىقى (يوق).

قالاشنى بىلسەڭ مۇزمۇ كۆيەر.

قەلىمىڭ ئۆتكۈر بولسا،
ئەلىمىڭ يىراق بولۇر.

قوشۇننى ئەلەم توختىتار،
دۇنيانى قەلەم (توختىتار).

قۇم يىغىلىپ تاش بولماس،
بىلىمسىز كىشى باش (بولماس).

قىلىچنىڭ كۈچىدىن قەلەمنىڭ كۈچى ئارتۇق.

قۇرۇق چېلەك تاراقشىيدۇ،
بىلىمسىز ئادەم ۋالاقشىيدۇ.

قۇش قانىتى بىلەن ئۇچار،
ئادەم بىلىمى بىلەن (ئۇچار).

قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرماس.

قۇشنىڭ گۈزەللىكى قانىتى بىلەن،
ئادەمنىڭ گۈزەللىكى بىلىمى بىلەن.

كۆپ بىلگەن ئاز سۆزلەر،
ئاز بولسىمۇ ساز سۆزلەر.

كۆپ بىلسەڭ ئاز سۆزلە.

كۆپتىن يول سورىساڭ
يولدىن ئاداشمايسەن.

كۆپ ياشىغان نېمە بىلەر،
كۆپنى كۆرگەن شۇ بىلەر.

كۆپ ئوقۇغان كۆپ بىلەر.

كۆچەت تىكسەڭ پۇتاپ تۇر، تۇز لىم ئالسەن،
بىكار بولساڭ كىتاب كۆر، بىلىم ئالسەن.

كۆڭۈل قويساڭ بىلىمگە،
شان كېلىدۇ ئېلىڭگە.

كۈن يورۇقى تاڭ بىلەن،
دىل يورۇقى ئاڭ بىلەن.

كۈچۈڭنى بىلىكىڭدىن سىنا،
ئەقلىڭنى بىلىمىڭدىن (سىنا).

كۆچى باردىن قورقۇچە،
بىلىمى باردىن قورق.

كىتاب ــ بىلىم بۇلىقى،
بىلىم ــ هايات چىرىغى.

گۆر هاۋاسىز،
بىلىم باهاسىز.

مال كۆپەيسە ئەرزانلار،
بىلىم كۆپەيسە قىممەتلەر.

مايسا سۇ بىلەن كۆكلەر،
ئادەم بىلىم بىلەن (كۆكلەر).

ماهارەت مەشىقتىن كېلەر،
بىلىم ئوقۇشتىن (كېلەر).

ماشماس ئېشەكتىن پۇت ياخشى،
بىلىمسىزدىن بۇت (ياخشى).

مەنسەپ تالاشقۇچە بىلىم تالاش.

مەنسەپ گۆرگە يېقىن،
مەرىپەت گۇلگە (يېقىن).

مەن ئوقۇمىغان ئايەت قالمىدى،
ئىنىنائەتەينادىن ئۆتمىدىم.

مەن كۆرمىگەن شەھەر قالمىدى،
تۆشۈك تاغدىن ئۆتمىدىم.

موللا يوق يەردە موللا مەن،
موللا بار يەردە يولدا مەن.

مېۋىسىز دەرەخ ئوتۇن بولۇر،
بىلىملىك پۈتۈن (بولۇر).

مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرار،
كىشىلەر ئاڭا تىرەك قويار.

نەم توپا ئوڭاي لاي بولۇر،
بىلىملىك ھەممىگە باي بولۇر.

ھۈنەرنى تېپىۋالغىلى بولماس،
بىلىمنى سېتىۋالغىلى (بولماس).

ئوقۇدۇم دېگۈچە، بىلدىم دېگىن.

ئوقۇغان ئوغۇل ئاتىسىدىن ئۇلۇغ.

ئوقۇتقۇچىنىڭ غىزاسى — بىلىم،
ياغاچچىنىڭ غىزاسى — يېلىم.

ئۇنى يوقنىڭ خۇنى يوق،
بىلىمسىزنىڭ مۇڭى يوق.

ئۇلۇغ سۇ شەپە قىلماس،
بىلىملىك كىشى ھەيۋە قىلماس.

ئۆمۈر قوغلاشماي، بىلىم قوغلاش.

ئۆزىنى بىلمىگەن ئۆزگىنى بىلمەس.

ئۆمۈرنىڭ چېكى بولۇر،
بىلىمنىڭ چېكى بولماس.

ئۆگىنىش ـــ بىلىمنىڭ ئانىسى.

ئېيتقۇچى ئاقىل بولسا،
ئاڭلىغۇچى ماقۇل بولۇر.

ئېلىپنى تاياق دېيەلمەس،
مىمنى چوماق (دېيەلمەس).

ئىشلەتمىگەن بىلىم ـــ يەپ سىڭدۈرمىگەن تاماق.

ئىشلەتمىگەن بىلىم ـــ ئۇرۇق سالمىغان تېرىم.

ئىلىمدىن ھېكمەت كېلەر.

ئىرادە چېنىقىشقا باغلىق،
بىلىم ئۆگىنىشكە (باغلىق).

ئىجادكار قەغىزى بىلەن،
كەپتەر پەغىزى بىلەن.

ياشلىقىڭدا بىلىم ئال،
قېرىغاندا ئىشقا سال.

يۇمشاقنى قاتۇرغان شىلىم،
پولاتنى ئۇچۇرغان بىلىم.

ياغاچ يېلىم بىلەن ياخشى،
ئەل ئىلىم بىلەن (ياخشى).

ياشلىقىڭدا بىلمىسەڭ بىلىم قەدرىنى،
قېرىغاندا تارتىسەن ئۇنىڭ دەردىنى.

يا ئەلەمدە يوق،
يا قەلەمدە (يوق).

يېمىشلىك ياغاچنىڭ بېشى تۆۋەن،
بىلىملىك ئەرنىڭ يۈزى تۆۋەن.

# ھەق-ناھەق توغرىسىدا

ئاش تاپسا قاچا تاپالماپتۇ،
گۇندە تاپسا ئاچا (تاپالماپتۇ).

ئاسماندىكى ئايغىمۇ ئوغرىنىڭ پىكرى بار.

ئاق تېرەككە چالما ئاتسام،
قارا سۆگەتكە تو كەتتى.

ئاش بەرگەنگە مۇشت بېرىپتۇ.

ئانىسى تەپكەن موزاينىڭ تېنى ئاغرىماس.

ئانت ئىچكۈچى كەتسە،
قان ئىچكۈچى كېلەر.

ئاقساق ئۆچكە قويدىن ئىلگىرى.

ئاچچىق بولساڭ تۇزدەك بول.

ئاچ قورساققا ئاچچىقسۇ.

ئاغرىمىغان بېشىمغا ئالتە تاياق.

ئاسماندىن تاۋار ياغسا،
تۆمارلىق تەگمەيتۇ.

ئاققوناقنىڭ پاتىقى تولا،
ھىيلە ئىشنىڭ چاتىقى (تولا).

ئاتالمىغان ئوقىدىن كۆرەر،
چىچالمىسا پوقىدىن (كۆرەر).

ئابداللىرى بىزنىڭكىدە،
خۇرجۇنلىرى سىلىنىڭكىدە.

ئات ئىگىسىنى كەينىگە مىنگەشتۈرمەيتۇ.

ئات ئايلىخانغا،
يول سارىخانغا.

ئادەم باقساڭ مەيدە داغلار،
ھايۋان باقساڭ ئىغىز ياغلار.

ئادىل بەگنىڭ تۇغقىنى يوق.

ئارىچىغا ئالتە تاياق،
ھىچ يەردە يوقتۇر سوراق.

ئاش تەڭ، نان تەڭ،
سول نېمىشقا كەڭ.

ئاشىق چىدىغانغا قەلەندەر چىدىيالماس.

ئاش ئاز، بىسمىللا كۆپ.

ئاش تېرىماي ئاق نان يەپتۇ،
قوي باقماي پاقلان (يەپتۇ).

ئالتىنچى ئايدا ئالتە چاپان،
ئون ئىككىنچى ئايدا كالتە چاپان.

— ئالۋاننى كىم بېرىدۇ؟
— گالۋاڭ.

ئالدىغا بار، كەينىگە يوق،
ئاتلىققا بار، پىيادىگە يوق.

ئالغاننىڭ گۇناھى بىر،
ئالمىغاننىڭ گۇناھى ئىككى.

ئالۋانغا گالۋاڭنى تۇتۇپ بېرىپتۇ.

ئايغىر تارتسا، بايتال تارتماس.

ئانىينى ئۇرساڭ ئۇۋالى يوق.

ئالتە ئاي يازدىن ئىشلەپ،
قالدىم لېۋىمنى چىشلەپ.

ئەركىلەرگە كۈندە مەشرەپ، كۈندە توي،
غېرىبلارغا كۈندە ھەسرەت، كۈندە ئوي.

بايغا دەۋاگەر بولسالىڭ
ئۆزۈڭگە دۈشمەنلەر.

باشقىلارنىڭ ئالا تاغ،
ۋاي مېنىڭ يۈرەككە ياغ.

بارچە ياخشى، مەن يامان،
بارچە بۇغداي، مەن سامان.

باشلىقنىڭ گېپى گەپ،
مۇئاۋىنىنىڭ قوڭىغا تەپ.

بار كەتمەننى مەن چاپسام،
ھۆپۈپ كېلىپ «ئۇھ» دېدى.

باتۇر ئوق يەر،
بالىلىرى پوق (يەر).

باينى مال باسار،
كەمبەغەلنى بالا (باسار).

بايغىمۇ بىر كۈن ئۆتەر،
گادايغىمۇ بىر كۈن (ئۆتەر).

بار كەتمەننى مەن چاپسام،
يېتىپ يەيدۇ باي غوجام.

باينىڭ تۆرىدىن كەمبەغەلنىڭ پەگاھى ياخشى.

باينىڭ ئىتى يەيدۇ ھەر كۈنى قۇيماق،
كەمبەغەللەر يەيدۇ ھەر كۈنى توقماق.

بار پۇلۇمنى ئوغرى ئالدى،
قالغىنىنى رەمچى (ئالدى).

باي گۆش يېسە، قورساققا كىرەر،
كەمبەغەل گۆش يېسە، چىشىنىڭ كاۋىكىغا (كىرەر).

باغلاقلىق ئارسلاننى توشقان بالىسىمۇ تېپەر.

بەتتەم قوغۇنىنىڭ ئۇرۇقى تولا،
ئويلانماي قىلغان ئىشنىڭ سورىقى (تولا).

بەختسىز قىز تېزەك تەرگىلى چىقسا،
كالىلار كۆلگە تېزەكلەر.

بەيگە قېچىرغا قالدى،
ئۇسسۇل توكۇرغا (قالدى).

بۆرە قېرىسا، كۈچۈككە بوزەك بولار.

بېشىڭغا بالا كەلسە، كۆرمەكتىن باشقا چارە يوق.

بىر يەردە ئىچىشكىمۇ سۇ يوق،
بىر يەردە كېچىشكىمۇ سۇ بار.

بىكاردىن ئات تاپقانلار
كاسام ئاغرىدى دېمەس.

بېگىم مانتا يېسە،
مەن پىياز كېكىردىم.

بېرىشتە سانىقى توققۇز،
ئېلىشتا سانىقى ئوتتۇز.

بىر مۇدۇرگەن ئون مۇدۇرەر.

بۇغداي تېرىدى قادىر،
ئاق ناننى يېدى سادىر.

بوزەكنى تاپسام، بۇرنىغا يىپ ساپسام.
ئانىينى تاپسام، كۆتىگە يىپ ساپسام.

بېلىق دەريادا سۇغا تەشنا.

بوزەكنى بوزەك قىلمىساڭ،
قىيامەتتە سورىقى بار.

بۆرە يارىدۇ، قۇزغۇن تويىدۇ.

پاچاق ئۇتلەپ تۇياق يەپتۇ،
چوقا ئۇتلەپ قۇلاق (يەپتۇ).

پادىشاھ قەرزدارىڭ بولسا،
ئەرزىڭنى خۇدا ئاڭلىسۇن.

پۈتكەن ئىشقا ئىگە تولا،
ئۆرۈشتىن كېيىن باتۇر (تولا).

پۇل يىغىشتا مەدىكاردىن قەلەندەر ياخشى.

پولۇ ياغ بىلەن ئوخشار،
دەۋا پۇل بىلەن (ئوخشار).

تام تاغارنى يۆلەپتۇ،
ئاغرىق ساقنى (يۆلەپتۇ).

تاۋار چاپانغا مەشۇت ياقا،
مايماق ئېشەككە ئالتۇن تاقا.

تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ.

تارتقىنىم جەبىر ـ جاپا،
ئاڭلىغىنىم تەنە ـ تاپا.

تەر تۆكۈپ ئارپىغا ئۆلگۈردۈم،
ئىش قىلىپ تاپىغا (ئۆلگۈردۈم).

تەلىيىمنىڭ يوقىدىن
شېكەر ئىچسەم تۇز بولۇر.

ياز كۈنى مۇنچىغا چۈشسەم
پالتا ئۆتمەس مۇز بولۇر.

توق مۈشۈك چاشقان بىلەن ئوينار.

تۆگمەنگە مەن بارسام،
چېقىلدۇرغۇسى سەن بوپسەن.

تۆگمەنچىنىڭ پايدىسى غەللە ـ پوستەك،
داققالچىغا تېگىدىغىنى تەستەك.

تۆگە يۈكى بىلەن كۆرۈنمەپتۇ.

توقۇناق يەتكەن شاخقا ئىلمەك يېتەلمەپتۇ.

تۇز يەردىن لاققا چىقىرىپتۇ،
سىلىق يەردىن چوماق (چىقىرىپتۇ).

توقسۇندا ئات چاپسا،
پاتقىقى ماڭا چاچرار.

تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپتۇ.

تۆگىنى شامال يىقىتسا،
ئۆچكىنى ئاسماندا كۆر.

تۆگىدەك كولاپ بېرىپ،
تۇگمىدەك گۆش يېدىم.

تۆگە بوتىلىسا ئۇن ـ تىنسىز،
توخۇ تۇخۇم تۇغسا قاقاقلار.

تۆرنى مۇشۇك ئالدى، بوسۇغىنى ئىت،
چېقىشنى بۇرگە چاقتى، تۇتۇلدى پىت.

توكۇر ئاتقا تۇمۇر تاقا،
ئەسكى چاپانغا سۇسەر ياقا.

تۇغماس خوتۇننىڭ ئىچى تار.

تۈرگە مۇشۇك چىقتى،
بوسۇغىغا ئىت (چىقتى).

توخۇ پوقى مەينەت،
تۇخۇمىنى بېرىپ كەت.

تېز ئۆرلىگەن تېز غۇلار.

تۆھمەتتىگە تۆھمەت قىلاي،
تۆھمەتنىڭ ھەيران قالسۇن.

جاپا تارتقانغا توققۇزنى بېرىڭ،
يېنى پاتقانغا ئوتتۇزنى (بېرىڭ).

جاھاننى ئالدى قونتاجى.

جاھان توقچىلىق بىر نان تېپىلماس،
بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بىر دوست (تېپىلماس).

جەبرائىل جان دەيدۇ،
باللار نان (دەيدۇ).

جىم ئولتۇرساڭ «مۆڭ» دەيدۇ،
ئېگىز ئولتۇرساڭ «دۆڭ» دەيدۇ.

چاشقاننىڭ ئىشىدا مۈشۈك مېھمان بوپتۇ.

چاشقاننىڭ ئەرزىنى مۈشۈككە بۇيرۇپتۇ.

چاشقان تۆشۈك كولار.

چىشى بارنىڭ گۆشى يوق،
گۆشى بارنىڭ چىشى يوق.

چىننى مۈشۈك سۇندۇرۇۋەتسە،
كېلىننى تىللاپتۇ.

خەلپە بىلەن قازى دوست بولسا،
جاھان قاراڭغۇلىشار.

خوراز چىللىسا ھېچ گەپ يوق،
مېكىيان چىللىسا، شۇم توخۇ.

خۇدا بەرگەن جاننى خۇدا ئۆزى ئالار.

خۇدا ئۇرغاننى خۇدابەردى قوشلاپ ئۇرۇپتۇ.

دانا قەدرىنى نادان بىلمەس،
ئاغرىق قەدرىنى ساق (بىلمەس).

داپنى داپەندى چالدى،
ھاپنى ئەپەندى ئالدى.

دەرد كەلسە قوش كېلەر،
دۆلەت كەلسە تاق ( كېلەر).

دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى دەپ بويۇمدا قالدى.

دۆ غېرىبنى چاقار،
ئۆمۆچۈك مۇساپىرنى (چاقار).

راست سۆز ئېغىزدىن چىققۇچە،
يالغان سۆز داۋان ئاشار.

راست گەپكە ئان بېرىپتۇ،
يالغان گەپكە نان (بېرىپتۇ).

روزىنى سەن تۇتساڭ،
ھېيتنى بايلار ئوينار.

روزىنى مەن تۇتسام،
ھېيتنى باشقىلار قىپتۇ.

زامان زورنىڭ،
تاماشا كورنىڭ.

زورلۇق قىلغانغا خوۋلۇق يوق.

سالاغا كەتكەن قېرىندىشىم.

ساقنى ساراڭ دېسە،
بىر چىشلەم گۆشى ساراڭ بولۇر.

ساناقسىزغا سان تېگىپتۇ،
ئىشتانسىزغا باغ (تېگىپتۇ).

ساۋابنىڭ قوشى تۆشۈك.

سەن ئۆل، مەن تىرىلەي.

سەن تاز دېگۈچە، مەن تاز دەۋالاي.

سېنىڭ ئۆيۈڭدە يورۇغان چىراغ
مېنىڭ ئۆيۈمدە يورۇماسمۇ؟

سېمىز كالا ئورۇق كالىنى يالاپ ئۆلتۈرەر.

سېغىزخاننىڭ ئۇۋىسىنى تورۇلغا تارتىۋاپتۇ.

شار ـ شار ئات كۆتۈرەر،
مىس ـ مىس پۇت (كۆتۈرەر).

قارىغۇ ئېشەككە تۇزلۇق سۇ،
قاتتىق نانغا مۇزلۇق سۇ.

قاپاقنى پۇلغا ئالماي،
باراڭنى پۇلغا ئاپتۇ.

قاپاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل،
چېچەن پۇل ئەمەس، ساراڭ پۇل.

قازانغا قويغان ياغ تۆت سەر،
پۇرايدىغان ئەرۋاھ سەكسەن ئالتە.

قارىغۇنى تار يەردە قىستاپتۇ.

قاچقان ئوغرىنى مۆككەن ئوغرى تۇتۇپتۇ.

قارىغۇغا يول كۆرسەتسە،
ئۆزۈم تاپقان يول دەر.

قېتىق ئىچكەن قۇتۇلدى،
تاۋاق يالىغان تۇتۇلدى.

قۇلان قۇدۇققا چۈشسە، پاقا ئايغىر بولۇر.

قوتۇر كالىغا يوغان مۈڭگۈز.

قوش كەتمەننى مەن چاپسام،
مېغىزىنى سەن چاقتىڭ.

قورۇنغانغا قۇرت چىچار.

قۇش سەمرىسە، ئىگىسىنىڭ كۆزىنى چوقۇر.

قىل بېرىپ ئارغامچا ئاپتۇ.

كالا قوش سۆرىسە، بوغۇزنى ئات يەر.

كەمبەغەل گۈل تېرىسا،
باي ئېتىغا دەسسىتەر.

كۆزنى يۇمغان پوقنى يەر.

كۆلگە سۇ كىرىۋەرسە،
ئاخىر بىر كۈن تاشار.

كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتمۇال.

كۆتەك يارغان پالتا ئىشىك تېشىدا قاپتۇ.

كۆتىنىڭ ئوچۇقلۇقى ئۆچكىمۇاينىڭ ئەيىبى.

كۆيمىسە ئوتۇندىن كۆرەر،
پىشمىسا خوتۇندىن (كۆرەر).

كىۋەزلىككە ئوغرى كىرسە،
ئاتقۇچىنىڭ زەيتانىبىسىنى كەس.

كىشىنىڭ يىرىگە ئىشلەپ،
قالدىم لىۋەمنى چىشلەپ.

كىيىك ئوقسىزغا ئۇچرار،
بالا يوقسىزغا (ئۇچرار).

كىچىك باشقا مانا دوپپا،
يوغان باشقا قىنى دوپپا.

كىشىگە جىگدە ئىرغىتقان ئۆزى قۇرۇق قالار.

گەپ قىلالمايدۇ، غەزەلگە ئۇستا،

يول ماڭالمايدۇ، سەنەمگە (ئۇستا).

گەپ قىلساڭ تىلىڭنى كېسمەن،
قارىساڭ كۆزۈڭنى ئويىمەن.

گۇناھسىزغا شىلتىغان تايىقىڭ ئۆزۈڭگە تېگەر.

گۇناھىڭنى گۇناھسىزدىن سورا.

گۈلزارلىقتا ئەتىرنىڭ قەدرى بولماس.

مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك.

مەرىگەن قوينىڭ يېمى ئۆكسۈمەس.

موللام تۆردە قول چايقاپتۇ،
پەگاھدىكىلەر دولا ياقاپتۇ.

مۈنارنى يېتىمگە يۆلىتىڭ،
جىنىنى مۈشۈككە تۆلىتىڭ.

مۈشۈكنىڭ قېشىدا بەز تۇرماس.

مېۋىلىك دەرەخ ئازار يەر.

ھالالدىن نان تاپساڭ، كوچىغا چىقىپ يە.

ھاڭرىمىغان ئېشەكتىن ئالۋان ئاپتۇ.

«ھارماڭ» دېسە ھاپاش بوپتۇ.

هاقارەتلىك كۆرۈمدىن
ساداقەتلىك ئۆلۈم ياخشى.

هايۋان سىلىغاننى بىلمەس،
يامان ئاسرىغاننى (بىلمەس).

هالۋىنى هېكىم يەر،
تاياقنى يېتىم (يەر).

هالالنىڭ يولى بىر،
هارامنىڭ يولى مىڭ.

هاجىتىڭ چۈشسە ئىتنىمۇ «قېرىندىشىم» دەرسەن.

هەق سۆزنىڭ توقمىقى بار،
يالغان سۆزنىڭ قورقمىقى (بار).

هەق بىلەن ناهەقنىڭ ئارىلىقى بىر غېرىچ.

هەقنى سۆزلىگەن ئۆز ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلەر.

هەقىقەتنىڭ چىرىغىنى كۆتۈرگەننىڭ قولى كۆيەر.

هەممە كىشى ئانىدىن يالىڭاچ تۇغۇلار.

هەقنى سۆزلە، يامان بولماس،
رەڭگىرويۇڭ سامان بولماس.

هەقنىڭ رىزقى نەق.

ھەممە ئىشنى ئۆڭ قول قىلسا،
ئالتۇن ئۈزۈك سول قولغا سېلىنار.

ھۆكۈم سۈرسە نادانلىق،
داناغا يوق ئامانلىق.

«ھالۋا» دېدى كالا يېدى سامانىنى،
زامان ئايرىمىدى ياخشى - يامانىنى.

ئون مولۇققا ئون ھاشار،
يۈز مولۇققا بىر ھاشار.

ئوغلۇمغا بەردىم ئورغاقتەك،
قىزىمغا بەردىم تىرناقتەك.

ئوردا ئېرىقىدىن سۇ كەلسە بايغا ئېقىپتۇ،
سۇ باشلىغان سۇغا كەلسە پالاس قېقىپتۇ.

ئورۇق ئېشەككە يوغان تاغار ئارتىپتۇ.

ئوغرىنى پاش قىلغان توقماق يەر.

ئوسال بولساڭ ئاسار،
ياۋاش بولساڭ باسار.

ئوچاق بېشىنى مۇشۇك ئالدى،
ئىشىك بېشىنى ئىت (ئالدى).

ئوغۇل تۇغسا ئۆزىدىن كۆرەر،
قىز تۇغسا ئۆزگىدىن (كۆرەر).

ئوۋچىنىڭ مىلتىقى بولسا، كېيىكنىڭ خۇداسى بار.

ئوغرى ئوغرىلىق قىلسا پادىشاھ سورار،
پادىشاھ ئوغرىلىق قىلسا كىم سورار.

ئۇنىغاننى يونۇپتۇ.

ئۆلۈۋىدى ئەزىز بولدى،
ئىششىۋىدى سېمىز بولدى.

ئۆزىنىڭ بېشىدىكى ئوتنى كۆرمەي،
كىشىنىڭ بېشىدىكى چوغنى كۆرۈپتۇ.

ئۆي ئىگىسىدىن ئوغرى چوڭ،
قاپىقىدىن نوگىيى (چوڭ).

ئۆلگەن ئەزىز، تىرىك خار بوپتۇ.

ئۆلگەنلەرنى ئەسلەپ يۇرىدۇ،
تىرىكلەرنى قەستلەپ (يۇرىدۇ).

ئۇجمە ئىرغىتقان شاختا قالار،
يەردە تۇرغان پايدا ئالار.

— ۋاپاغا جاپا بارمۇ؟
— بىرگە ئىككى.

ئېچىشقان يەرگە تۇز سېپىپتۇ.

ئېرىقتىكى سۇنىڭ قەدرى يوق.

ئېشىنى يەپ، تاۋىقىنى چېقىپتۇ.

ئىش بىلمەس كەشتىچى بوپتۇ،
ئاش بىلمەس ئۇگرىچى (بوپتۇ).

ئىشانغىمۇ بەش قويماق،
مەرھۇمغىمۇ بەش قويماق.

ئىتنىڭ ئىگىسى بولسا،
بىراۋنىڭ خۇداسى بار.

ئىشنى قىلغان كانايچى،
بالاغا قالغان سۇنايچى.

ئىچەي دېسەڭ يوق،
كېچەي دېسەڭ بار.

ئىت ئىگىسىنى چىشلەپتۇ.

ياخشى تىلەككە يامان چېچەك.

يامان ئېشەك ئىگىسىنى يىقىتار.

يامغۇردا قالغان شەبنەمدىن قورقماس.

ياتقان ئېشەكنىڭ پوقى توۋلۇق.

ياخشى مۇلۇك ھېكمىنىڭ ،
بۇزۇلغاندا ھېچكىمىنىڭ.

ياغ ئالمىسىمۇ ياغلىق قاپاق،
ياغ ئالسىمۇ ياغلىق قاپاق.

ياخشى ئىشتا كاشىلا كۆپ.

ياخشىغا كۈن يوق،
يامانغا ئۆلۈم (يوق).

يامانغا ئۆلۈم يوق،
ياخشىغا كۆرۈم (يوق).

يانچۇقۇمدا پۇلۇم يوق،
كۆڭلۈم بازارنى تارتىدۇ.
ئېشىكىم ئورۇق دېسەم،
يوغان تاغارنى تارتىدۇ.

يەرسىز ئىدىم يەرلەندىم،
توقماق ئېلىپ قىرلاندىم.

يولمۇ تېرىم، چۆلمۇ تېرىم،
خالتا نېمىشقا يېرىم.

يوقسۇز بولسا يالغان بوپتۇ،
تۇكسىز بولسا تايغان (بوپتۇ).

يىتسە تۆلەڭ يوق،
يىقىلسا يۆلەڭ (يوق).

يىغىر نەدە، چىۋىن شۇ يەردە،
دورغا نەدە، غوۋغا شۇ يەردە.

يىمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپتۇ.

يىراقتىكى موللام — داموللام،
يېقىندىكى موللام — جا موللام.

يىلان ئۆزىنىڭ ئەگرىلىكىنى بىلمەي،
تۆگىنىڭ بوينىنى ئەگرى دەر.

يىقىلغان تام دىۋانىنى بېسىپتۇ.

# مۇھەببەت-نەپرەت توغرىسىدا

ئاتىسى ئۆلگەن يىلاننىڭ
يەتتە يىل بېشى ئاغرىپتۇ.

ئاپتاپ چىقىپ يامغۇر ياغقاندىن قورق،
كۈلۈپ تۇرۇپ ئاچچىقلىغاندىن (قورق).

ئانىسىنى خارلىغان يارغا بېسىلىپ ئۆلەر.

ئالقىش ئالغان ئامان، قارغىش ئالغان يامان.

ئەل خارلىغاننى دۈشمەن خارلار.

ئەلدىن قالغۇچە، ئەردىن قالغان ياخشىراق.

ئەل ئۈچۈن ئەر بول،
بولمىسا يەر بول.

ئەل بىر پەرياد چەكسە،
سەن مىڭ پەرياد چەك.

ئەسكىنىڭ دىلى جىن، تىلى ئالۋاستى.

بىر قولۇڭغا ئوت ئال،
بىر قولۇڭغا سۇ (ئال).

بىر ئوتنى كىچىك كۆرمە،
بىر دۈشمەننى (كىچىك كۆرمە).

بىچارىگە رەھىم قىلساڭ،
چىققان دۆۋەڭ ئېگىز بولغاي.

پەرەنجىلىك بۇزۇقتىن
نومۇسلۇق يۈزى ئوچۇق ياخشى.

تام ئىچىدە ئېچىلغان گۈل،
تام تېشىنى قىزارتىپتۇ.

تەمەخور كىشىدىن ئېشەك ياخشى.

توخۇ يەپ ئۆگەنگەن ئىت كالتەك يەپ ئۆلەر.

تۆگىنىڭ قەھرى قىرىق يىلدا چىقار.

تىزلەشكەننىڭ تىزىنى پۈك،
بەللەشكەننىڭ بېلىنى (پۈك).

چىشلىگەندىن سۆز ئال،
ئۇرغاندىن ئۆچ (ئال).

چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ كۆزىنى ئالايتىپتۇ.

دۈشمەننىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، كۆڭلىنى ئال.

زەھەرنى زەھەر قايتۇرار.

سىنالمىغان دوستتىن يولدىكى تاش ياخشى.

سېنىڭ تاپىنىڭغا كىرگەن تىكەن
مېنىڭ كۆزۈمگە كىرسۇن.

سېرىق سۆگەت سوغا بولار،
سېرىق ئادەم ئوغا (بولار).

شىر چىشىنى ئۆتنە بەرمەس.

قاتاردىن قالغۇچە، خاتادىن قال.

قاچقۇنغا شەپقەت يوق،
ئازغۇنغا ھۆرمەت (يوق).

قۇرۇق سۆلەتتىن قۇرۇق سېۋەت ياخشى.

كۆيدۈرىدىغان مۇز بار،
توڭدۇرىدىغان ئوت (بار).

كۆڭلى كەڭنىڭ دوستى زىيادە بولۇر،
نەيرىڭى كۆپنىڭ ھىيلىسى (زىيادە بولۇر).

كۆرەلمەسنىڭ كۆزىنى ئوي.

كۆڭۈل يىغلىمىسا، كۆزدىن ياش چىقماس.

كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول بار.

كۆزگە سىغقان كۆڭۈلگە سىغار.

كۆڭۈل دېگەننىڭ ئىشىك ـ دېرىزىسى يوق.

كۆلكىگىمۇ نەپرەت سىغىدۇ.

كىشىنى قاقشاتقان قاقشىماي ئۆلمەس.

گېپى ياماندىن قورقما،
كۆڭلى ياماندىن قورق.

مەۋقەسىز يىگىتتىن ياغ چىقمىغان چىگىت ياخشى.

مۇھەببەت ئۆلۈمنى يېڭەر.

نىيىتىڭ تۈز بولسا ئالقىش ياغار.

ھەر كىشىنىڭ ئۆزىگە،
ئۆز كۆرۈنىدۇ كۆزىگە.

ھېچ يەردە يوق بۇ غوجا،
نەدىن كەلدى بۇ غوجا.

ئۆچ كۆرگەننى ئوتتۇز قېتىم كۆرۈپتۇ.

ئۆزى قىلالماس،
قىلغاننى كۆرەلمەس.

ۋاپا دېگەن مەردنىڭ ئىشى،
ۋاپاسىزلىق خورلۇق تېشى.

ۋىجدانسىزنىڭ گۈلى بولغۇچە،
ۋىجدانلىقنىڭ قۇلى بول.

ئېشەككە باش بولساڭمۇ، دۈشمىنىڭگە تاش بول.

ئىمانى يوق مولىدىن
ئىنساپى بار ئوغرى ياخشى.

ياخشى بولساڭ تويۇڭغا بارارمەن،
يامان بولساڭ ئۆلۈمىڭگە (بارارمەن).

ياخشىغا يىپەك يىپىلار،
يامانغا تىكەن (يىپىلار).

ياماندىن يار بويى قاچ.

يامانغا لەنەت،
ياخشىغا مەدەت.

ياماننى ئىشىڭغا يولاتساڭمۇ،
قېشىڭغا يولاتما.

ياخشىغا ياغدەك بول،
يامانغا داغدەك (بول).

يامانىنىڭ قوينىدا ياتقۇچە،
ياخشىنىڭ ئايىغىدا ئۆل.

ياخشىدىن ئۆگەن،
ياماندىن يىرگەن.

يامانىنىڭ سۇيىنى ئىچكۇچە، قاچىسىنى چاق.

يامانغا گۆردىمۇ قوشنا بولما.

يامان بىلەن يولداش بولما،
نادان بىلەن سىرداش (بولما).

ياخشىلىق قىل سۇغا سال، سۇ بىلۇر،
سۇ بىلمىسە بېلىق بىلۇر، ئەل بىلۇر.

ياخشى ياخشىغا تىنچلىق تىلەر،
يامان ياخشىغا پىچاق (بىلەر).

ياخشىنى يات ئىكەن دېمە،
يامانىنى ئۆز ئىكەن دېمە.

ياخشى نىيەت ئاشقا،
يامان نىيەت باشقا.

ياخشىغا يېتىشمەك قىيىن،
ياماندىن قۇتۇلماق (قىيىن).

يامانغا مىڭ تاياق،
ياخشىغا يانتاياق.

ياماننىڭ يامان بولۇشى ئەلنىڭ قارغىشىدىن.

يىپ ئۈزۈلسە ئۇلىغىلى بولۇر،
كۆڭۈل ئۈزۈلسە ئۇلىغىلى بولماس.

يىلان، چايان ئىزدىسەڭ،
غەيۋەتخورنىڭ گۆرىنى ئاچ.



# گۈزەللىك ۋە سەتلىك توغرىسىدا

ئادەمنىڭ سۆلىتىگە قارىما،
ئەمگىكىگە قارا.

ئادەمگە كىيىم كېرەك،
شەھەرگە جىرىم (كېرەك).

ئاناڭنى داداڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە.

ئاي دېسە ئاغزى بار،
كۈن دېسە كۆزى (بار).

ئاغزى يوغاننىڭ ئۆزى يوق،
كۆزى يوغاننىڭ سەتى (يوق).

ئايمۇ ئۆزىدىكى داغنى خال دەر.

ئادەمدە سۈپەت ئوندۇر،
بىرى ئۆزىدە بولسا، توققۇزى توندۇر.

ئاقنىڭ سەتلىكى بىلىنمەس،
قارىنىڭ چىرايلىقلىقى (بىلىنمەس).

باش كىچىك، تۇماق يوغان،
بەل كىچىك، غىلاپ يوغان.

بۆرۈتتىن يامانلىسام، ساقال چىقتى.

بىر كەپتەردە قىرىق قىزنىڭ نازى بار.

تاغ كۆركى قورام تاش،
ئادەم كۆركى ئۇستىۋاش.

تالالىقى بار، ئۆي ئىچىلىكى يوق.

تاغنىڭ كۆركى تاش بىلەن،
ئادەمنىڭ كۆركى قاش بىلەن.

تاز گۈل تاپسا قىسقىلى يەر تاپالماس.

تاراقسىز چاچنىڭ زىننىتى بولماس.

تېشى پال - پال،
ئىچى غال - غال.

تۈچ پارقىرىسا ئالتۇن دېمە.

چاچنىڭ ئۇزۇنى ئۇلاق،
سۇنىڭ سۇزۇكى بۇلاق.

چېچىدا ئۇلىقى يوق،
يۈزىدە يامىقى (يوق).

چىراي كۆيدۈرەر،
خۇلق سۆيدۈرەر.

چىرايلىقنىڭ دەردى يامان،
سەتنىڭ ھالى (يامان).

چىرايلىقنىڭ قىلىقى سەت.

چىرايلىقنىڭ چاپارمىنى كۆپ.

چىرايلىقنىڭ چىقىمى تولا.

چىرايلىقتا ۋاپا يوق.

چىرايلىققا كىيىم يارىشار.

چىرايلىق قىز يۇرتنىڭ چىرىغى.

چىرايغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولماس.

خۇرۇم چاپان، بۇدۇر چاچ،
ئۈچ كۈن بولدى قورساق ئاچ.

خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك.

رەڭمۇرەڭ بولاي دەيمەن،
ھېچنېمە رەڭ بولالمايمەن.

سۇنايىنىڭ ئۈنى يىراقتىن ياخشى.

سوقۇر بولسىمۇ توز چىرايلىق،
چوقۇر بولسىمۇ قىز (چىرايلىق).

سۆگەتنىڭ تۈزى يوق،
يىگىتنىڭ سەتى (يوق).

قاش بىلەن كۆزى جايىدا بولسا، باشقىسى بازاردا.

قارا قىز سوپۇنغا ئامراق.

قوپاللىق — تېگى - تەكتىدىن ئوساللىق.

قۇرۇق سۆلەت، ياغاچ پەشمەت.

قېرى يېنىپتۇ يېشىغا،
ئوسما قويۇپتۇ قېشىغا.

قىز بالا ئۆي زىننىتى.

قىزنىڭ كۆزى ئوسمىدا،
تازنىڭ كۆزى پوسمىدا.

قىزىلگۈلنىڭ تىكىنى بار،
چىرايلىقنىڭ سەپكۈنى (بار).

قىزنىڭ كۆزى قىزىلدا.

كېپىنەك گۈلگە ئامراق،
ياسانچۇق كىيىمگە (ئامراق).

گۈزەللىك — ئاددىيلىقتا.

گۈزەللىك يۈزدە ئەمەس، سۆزدە.

گۈزەللىك ئۇندۇر،
توققۇزى تۇندۇر.

گۈلنىڭ سەرخىلى گۈل ئارىسىدا،
ئەرنىڭ سەرخىلى ئەل ئارىسىدا.

گۈل چىرايلىق بولسا كېپىنەك قونار.

مۈشۈكتەك يالىشىپتۇ،
ئىتتەك تالىشىپتۇ.

ئازازۇل خوتۇننىڭ زىبالىقى كۆرۈنمەس.

ئۆستەڭ يارىشىقى تال،
قىزنىڭ يارىشىقى خال.

ئېشىككە يارىشا توقۇمى.

ياشنىڭ سەتى يوق،
قېرىنىڭ چىرايلىقى (يوق).

ياسانچۇق مۈزلىمايدۇ، تىترەيدۇ.

# ئارزۇ-ئىستەك توغرىسىدا

ئادەمنى ئۈمىد ياشنىتىدۇ،
غەم قاقشىتىدۇ.

ئارزۇغا ئەيىب يوق.

ئاتاڭ ئۆلسە ئۆلسۇن،
ئاتاڭنى كۆرگەنلەر ئۆلمىسۇن.

ئاتىنىڭ بىلىكى كۈچلۈك،
ئانىنىڭ تىلىكى (كۈچلۈك).

بەندە تىلىمەس، خۇدا بەرمەس.

بىر ئارزۇدىن ئون ئارزۇ تۇغۇلار.

خۇدا دېگەن قۇلىغا،
ئەكېلىپ بېرەر يولىغا.

دەريا دولقۇنسىز بولماس،
ئادەم نىشانسىز (بولماس).

سايەڭگە قارىماي، غايەڭگە قارا.

سەمەرقەنت يىراق بولسىمۇ، پەللىسى يېقىن.

سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پىشار.

سۆغا چۆككەنگە قىلتىرىق قېيىق كۆرۈنەر.

سۆغا چۆككەن سامانغا ئېسىلار.

غايىسىز كىشى — بەرىكەتسىز ئىشى.

قارارسىز ئىنسان — پايدىسىز بوران.

قۇشنى قانات ئۇچۇرار،
ئادەمنى ئۈمىد (ئۇچۇرار).

كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس.

كۆڭۈل شادلىقنى تىلەر،
ئېغىز تاتلىقنى (تىلەر).

كۆڭۈل دېگەن ئىت تەڭنىسى، ھەر نەرسىنى ئارزۇلار.

كۆڭۈلگە پۈكۈلسە، پۈتمەيدىغان ئىش يوق.

مەنىسىز ياشلىق — سايىدىكى تاشلىق.
مېنى ئۇرغاننى خۇدا ئۇرسۇن.

ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار.

ئۆزۈمدە يوق كۆچۈلۈك،
كۆڭلۈم تىلەيدۇ ئوردۇلۇق.

ئۆگەنگەن كۆڭۈل ئۇجمە پىشقۇچە.

ئۇمىدلىك — ئىنسان،
ئۇمىدسىز — شەيتان.

ئۇمىدسىز ئەر — ئەمەن باسقان يەر.

ئۇمىدلەنگەن ئەرنىڭ دەريا ئوشۇقىغا كەلمەس.

ئۇمبەت قىلساڭ، گۇمبەز قوپار.

ئۇمىد ئۆلۈمنى يېڭىدۇ،
كۈرەش زۇلۇمنى (يېڭىدۇ).

ئېشەك دەيدىكەن:
— جېنىم ئامان بولسا، دەريادىن سۇ ئىچەرمەن.

ياخشى ئارزۇ — يېرىم دۆلەت.

ياخشى نىيەت — يېرىم دۇنيا.

# ئەخلاق-پەزىلەت توغرىسىدا

ئادەم يۈزى بىلەن،
ئاش تۈزى بىلەن.

ئادەم ھاياسى بىلەن،
ھايۋان باھاسى بىلەن.

ئادەمگەرچىلىك قېرىماس.

ئاداشقاننىڭ ئەيىبى يوق قايتىپ ئۆيىنى تاپسا.

ئادەمنى ئادەم قىلغان — ئەدەپ.

ئادەمنىڭ ئادەملىكى ئاچچىق كەلگەندە بىلىنەر.

ئاتىسىنى تونۇمىغاننىڭ يېگىنى ھارام.

ئالتۇن يىتسە تېپىلار،
ئابرۇي يىتسە تېپىلماس.

ئابرۇينى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولماس.

ئالىم بولۇشتىن ئادەم بولۇش قىيىن.

ئات، بىر قىلىقى يات.

ئاتمۇ ياخشى، يولمۇ ياخشى، غېرىبلىق يامان.

ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت.

ئاق قۇشقاچ سېغىمچى،
ئادەمنىڭ ئەسكىسى چېقىمچى.

ئادىل بولساڭ ئادەم بولىسەن.

ئابرۇي ئالتۇندىن قىممەت.

ئادەمگە نومۇس ياخشى،
هايۋانغا قومۇش (ياخشى).

ئالدامچىنىڭ گېپى چىرايلىق،
كۆڭلى تۈزنىڭ قىلىقى (چىرايلىق).

ئەدەپ ـ ئەخلاق بازاردا تېپىلماس،
ئەدەپسىزگە هېچكىم قېتىلماس.

ئەدەپتىن ئەمىر ئۇلۇغ.

ئەدەپسىز مېھماندىن ئەدەپلىك هايۋان ياخشى.

ئەخلاق ـــ ئادەم زىنىنتى.

ئەدەپكە سالا كەتمەس،
ھەممەتكە ھېچ نەرسە يەتمەس.

ئەدەپكە دەسمايە كەتمەس.

ئەدەپنى ئەدەپسىزدىن ئۆگەن.

ئەگرىنىڭ سايىسىمۇ ئەگرى.

ئەيىبسىز ئادەم يوق.

ئەدەپ — ئەقلىنىڭ سۈرىتى.

ئەدەپسىز مېيىپنى دورار،
ئەدەپلىك ھالىنى سورار.

بالىسىزنىڭ مېلى ھارام،
ئىمانسىزنىڭ جېنى (ھارام).

بايلىق ئۆيۈڭنى بېزەر،
ئەخلاق ئۆزۈڭنى (بېزەر).

بەرسە ھەشقالللا،
بەرمىسە تاز كالللا.

بەرگەككە بەگ ئەگىشەر،
چىچقاقى ئىت (ئەگىشەر).

بەڭگى قېرىسا سوپى بولۇر،

جالاپ قىرسا بۆۋى (بولۇر).

بەرگەكنى سالغاق تونۇر.

بويلۇق قىزنىڭ ئايغى يىڭنىك،
خۇيلۇق قىزنىڭ ئاغزى (يىڭنىك).

بېشىڭغا ھەر بالا كەلسە، ئۆزۈڭنىڭ خۇي ـ پەيلىدىن كۆر.

بىر تال ئۇزۇم قىرىق ئادەمگە يېتەر.

بىكارلىق ئىشەك بولسا، بۇخارادىن مۇز توشۇيدۇ.

پاقا كۆلچەككە باقار،
تەمەخور چۆنتەككە (باقار).

پۇلۇڭ بولمىسا بولمىسۇن، يۈزۈڭ بولسۇن.

تالاغا چىقسا نەغمە قىلىدۇ،
ئۆيگە كىرسە غەلۋە (قىلىدۇ).

تالا مۇشۇكى ئۆي مۇشۇكىنى قوغلاپتۇ.

توغرى ئىشنى يەر،
ئوغرى بىشنى (يەر).

تىكە ئۆيگە كىرمەستە
سىيىقى تۆرگە چىقار.

توڭغاق توخۇ قونداققا ماڭار،
دىلى ئەگرى قىلتاققا (ماڭار).

تىلىۋالغان تىزغا يەتمەس،
بەتخۇي يىگىت قىزغا (يەتمەس).

تۆر باشنىڭ ئەمەس، ياشنىڭ.

جاننى كىيپەككە سات،
ئابرۇينى ئالتۇنغا ئال.

چاشقان كولاپ يەر،
نەپسى يامان بۇلاپ (يەر).

چوڭ ئىززەت قىلسا، كىچىك خىزمەت قىلار.

چىراغنىڭ ھۆرمىتى يورۇقى بىلەن،
قىزنىڭ ھۆرمىتى قىلىقى (بىلەن).

چوڭغا ھۆرمەت، كىچىككە ئىززەت.

خەير قىلدىڭ — خوپ قىلدىڭ،
مىننەت قىلدىڭ — يوق قىلدىڭ.
(مېھنەت قىلدىڭ — خوپ قىلدىڭ،
مىننەت قىلدىڭ — يوق قىلدىڭ).

خۇشامەتچىنىڭ چىشى بولمىسىمۇ سۆڭەك غاجار.

خۇدا بىلىپ ئىشەككە مۈڭگۈز بەرمىگەن،
پاقىغا قۇيرۇق (بەرمىگەن).

خوتۇندەك ئەر بار،
ئەردەك خوتۇن (بار).

خوش، كەتمەننى مەن چاپسام، مىغىزىنى سەن چاقتىڭ.

دەرەخ گۈزەللىكى ياپراق بىلەن،
ئىنسان گۈزەللىكى ئەخلاق (بىلەن).

دىلى پاكنىڭ ئىشى پاك.

دىلى توغرىنىڭ تىلى توغرا،
تىلى توغرىنىڭ يولى (توغرا).

دۆلەت كەتسە كەتسۇن، ئابرۇي كەتمىسۇن.

رەھمى يوق ئادەمدىن رەھمى بار ئىت ياخشى.

سەن دېگۈچە مەن دەۋالاي،
سەن بەرگۈچە مەن يېۋالاي.

سۆلەتلىك ئەدەپسىزدىن جۇدۇنى پەس ئەدەپلىك ياخشى.

سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن تەڭ چىقار.

سىنىڭ نەپسىڭ بالادۇر،
ئاپىرىپ ئوتقا سالادۇر.

سۇدا ئىز يوق،
ھاياسىزدا يۈز (يوق).

شۆھرەت ئىشىكتىن كىرسە،
ئۇيات تۈڭلۈكتىن چىقار.

غەرىنىڭ غەرىلىكى تۇتسا،
بېشىنىڭ ئاغرىقى تۇتار.

غەرەزدىن غەرەز تۇغۇلار،
تاز باشتىن مەرەز (تۇغۇلار).

قاغىنىڭ قېرىسىنى بىلگىلى بولماس،
ئادەمنىڭ ئالىسىنى (بىلگىلى بولماس).

قانائەتلىك كىشىنىڭ قارنى توق.

قېرىمىسام قىز بولسام،
ئۇياتمىسام ئۆي بولسام.

كۆتى قىرماقتا چىققۇچە،
خۇيى بارماقتا چىقىپتۇ.

كۆڭلى تۈزنىڭ ئىشى تۈز.

كۆڭۈل قۇشتۇر،
ئەخلاق ئۇۋىدۇر.

كۈچۈكۈم ـ كۈچۈكۈم دېسە،
بىرنېمىسىنى چىقىرىپتۇ.

كېسەلنىڭ سانجىقى يامان،
ئىتنىڭ قانجۇقى يامان.

كېپەكتە قۇۋۋەت يوق،
ئالدامچىدا ئۇيات (يوق).

كىشىدىن هايا كەتسە،
ئورنىغا بالا كېلۇر.

كىشىنى هۆرمەتلىگىنىڭ،
ئۆزۈڭنى هۆرمەتلىگىنىڭ.

كىشىنىڭ هۆرمىتى ئۆز قولىدا.

گەدىنىگە گۇمان چۈشكەن،
خۇدانى شېپى كەلتۈرەر.

گىجىڭنى ئەزمە يېڭەر،
ئەزمىنى خۇدادىن بەزگەن (يېڭەر).

گۇمانخورنىڭ كۆڭلى تۈتەك بولۇر،
ئاق كۆڭۈلنىڭ گۈلدەك بولۇر.

لەقەم قويۇش — خىزىرنىڭ ئىشى.

مالنىڭ ئىسسىلىقى تۈرقىدىن بىلىنەر،
ئادەمنىڭ ئىسسىلىقى خۇيىدىن (بىلىنەر).

ماس ئەمەس جۈپتىن تاق ياخشى،
ئالدايدىغان ماقۇلدىن ياق ياخشى.

موللىنىڭ يامىنى ۋاراقچى بولۇر،
بەندىنىڭ يامىنى يالاقچى (بولۇر).

موللا بىلىپ قىلغاچقا چىرايى بۆلەكچە تۇرار،
قىزىل ياغلىق ئەكەلسىمۇ قىزى يىغلاپ تۇرار.

مۇسۇلمانچىلىق مەسچىتتىلا ئەمەس، ئەل ئىچىدە.

مۈشۈك كىگىزنى تارتسا، كىگىز پاخالنى تارتار.

نومۇسۇڭنى بەرگۈچە، جېنىڭنى بەر.

نەپسى ئىماننى بىلمەس،
بەتنىيەت ۋىجداننى (بىلمەس).

هاياسىزدا ۋاپا يوق،
ۋاپاسىزدا هايا (يوق).

هايالىق كىشى — باهالىق كىشى.

هوسۇلى بىلەن يەر ياخشى،
ئەخلاقى بىلەن ئەر (ياخشى).

هۆرمەت بىلەن ئىززەت بىر تۇغقان.

ھۆرمەت قىلساڭ ئىززەت تاپارسەن،
ئىززەت قىلساڭ ھۆرمەت (تاپارسەن).

ھۆرمەت قىلساڭ ئىززەت تاپارسەن،
چايناپ يېسەڭ لەززەت (تاپارسەن).

ئوغرى تۇمانغا ئامراق،
ئىچى تار گۇمانغا (ئامراق).

ئوت ئۇستىگە ياغ چېچىپتۇ.

ئۇيات ئۆلۈمنى يېڭەر.

ئۇيات تۇرغان يەردە ئىمان تۇرار،
ئۇيات تۇرمىغان يەردە گۇمان (تۇرار).

ئۇلۇغ ئادەمنىڭ كۆڭلى دەريا.

ئۆلەر ئات، قالۇر نومۇس.

ئۆزىنى بىلگەن ئۆزگىنى بىلەر.

ئۆزىنى سورىغان شەھەر سورار.

ئۆزى ئۆيگە كىرگۈچە، كەشى تۆرگە چىقىپتۇ.

ئېغىلدا بولسا ئېغىزغا چىقار،
قازاندا بولسا چۆمۈچكە (چىقار).

ئېشەكمۇ ئەدەپسىزنى ئايماس.

ئىزا ئۆلۈمدىن قاتتىق.

ئىت قاۋايدۇ، ھايان قەلەندەرنىڭ.

ئىت بىلەن سايە تالىشىپتۇ،
مۈشۈك بىلەن تۆر (تالىشىپتۇ).

ئىنساپلىقنىڭ دىلى ساپ.

ئىككى ياخشى ئارىسىدا قىل ئۈزۈلمەس.

ئىززىتىنى بىلمىگەن ئەدىپىنى يەر.

ئىززەت ئۆزىدىن بولار،
كېۋەز غوزىدىن (بولار).

ئىچى يامان سەمرىمەس.

ئىنساپسىزدىن ئىت قورقار.

ئىرغاينىڭ ئېگىلگىنى سۇنغىنى،
ياخشى ئەرنىڭ ئۇيالغىنى ئۆلگىنى.

ئىتتىك چىققان شامال ئاسان توختار.

ئىت پوق يېمىسە بېشى ئاغرىيدۇ.

ئىنساپ ئىماندىن ئۇلۇغ.

ياخشى تۇرقىدىن بىلىنەر،
يامان قىلىقىدىن (بىلىنەر).

يامان ئۆزىنى بىلمەس،
ياخشىنى كۆزىگە ئىلماس.

ياخشىنىڭ شاراپىتى تېگەر،
يامانىنىڭ كاساپىتى (تېگەر).

ياخشى ئەر ئەلگە ئورتاق،
يامان ئەر مالغا (ئورتاق).

ياخشى ئادەم ياتلىق قىلماس.

ياخشىنىڭ قانىتى يەتمىش.

يامان ئىشىدىن كۆرمەي كىشىدىن كۆرەر.

ياخشى سۆز، ياخشى خۇلق بىلەن ئادەم قېرىماس.

ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەس،
ياخشى ئادەم ئەيىبىنى (كۆرسەتمەس).

ياخشى ئۇرۇشسا يالۋۇرۇپ قاچار،
يامان ئۇرۇشسا شالىنى چاچار.

يىلان قاسىرىقىنى تاشلىغان بىلەن خۇيىنى تاشلىماس.

يىلاننىڭ كۆشۈكى تۈز، ئۆزى ئەگرى.

يىلاننىڭ تېشى يۇمشاق، ئىچى زەھەر.

يىراقتىن قارىسام ئەلدىن ئارتۇق،
يېقىندىن قارىسام شاھىم تارتۇق.

يۈزۈڭ ئاق بولغۇچە، دىلىڭ ئاق بولسۇن.

# ئەقىل-پاراسەت توغرىسىدا

ئاقساقالنىڭ ئەقلى قىسقارسا، گېپى كۆپىيەر.

ئاچچىق ئەقىلنى كېسەر.

ئاچچىق ئالدىن يۈرەر،
ئەقىل كەينىدىن (يۈرەر).

ئاھ ئۇرۇپ غەم قىلغۇچە،
ئەقىل ئىشلىتىپ پەم قىل.

ئالتۇن يەردە قالماس.

ئالدىراڭغۇلۇق — قاراملىق،
سۆرەلمىلىك — نادانلىق.

ئادەم بولمىساڭ ئەقلىڭ بىلەن،
ئەخمەق بولىسەن ساقىلىڭ بىلەن.

ئاتنى ھەيدە يەم بىلەن،
ئىشنى قىل پەم بىلەن.

ئادەمنىڭ كۆزى كۆرمەس، ئەقلى كۆرەر.

ئادەمنىڭ ئەقلى بولمىسا، كۆز دېگەن كامار نېمە.

ئايدىڭدا ئازغان ئېلىنى تاپالماس.

ئارسلاندەك كۈچلۈك بولسۇن،
تايغاندەك ھوشۇق بولسۇن.

ئاقىلنىڭ ئىشى تۈگىمەس،
گالۋاڭنىڭ غېمى (تۈگىمەس).

ئەخمەق چاناچقا ئات تېگىشەر.

ئەقىل بىلەن ئەدەپ بىر تۇغقان.

ئەقىللىق ئاش يىغار،
ئەقىلسىز تاش (يىغار).

ئەقىل — تىزگىنلىك ئات،
تىزگىنىنى ھەر چاغ بىلىپ تارت.

ئەقىل چاچ بىلەن بىللە ئۆسمەس.

ئەقىلسىز باشقا تاج ياراشماس.

ئەقلى يوق باشتىن سۈيى يوق قاپاق ياخشى.

ئەقىل — دۆلەت،
چىراي — سۆلەت.

ئەقىلسىزگە مەنسەپ بېرىپ سىناپ كۆر.

ئەقىلسىز دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن
ئارتۇق.

ئەقىل ئاينىماس،
ئالتۇن چىرىماس.

ئەقىل — ئادەمنىڭ تۇۋرۇكى،
سەۋر — ئەقىلنىڭ شېرىكى.

ئەقىللىق ئەلدىن ئايرىلماس.

ئەقلى بار كۆككە چىقار،
كۈچى بار تاغقا چىقار.

ئەقىل — توزۇماس تون، خورىماس كان.

ئەقىل توزۇماس،
بىلىم خورىماس.

ئەقىلنىڭ ئېتى ھارماس، تونى توزۇماس.

ئەقىللىق يۇرتنىڭ ئاغىسى،
ھۈنەرۋەن يۇرتنىڭ چاكىرى.

ئەقىلدىن ئارتۇق بايلىق يوق.

ئەقىلسىزنىڭ ئەقلى بىلىكىدە،
ئەقىللىقنىڭ ئەقلى يۈرىكىدە.

ئەقىللىقتىن ئەقىل سورىساڭ،
سايدىن ئاققان سەل بىلەن تەڭ.

ئەقىلسىزدىن ئەقىل سورىساڭ،
ئالدى تۈيۈق يار بىلەن تەڭ.

ئەقىللىق ماختانسا ئىش تىندۇرۇر،
ئەقىلسىز ماختانسا پۈت سۇندۇرۇر.

ئەقلى ئازنىڭ ئازابى كۆپ.

ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.

ئەقىلسىز بىلەن پولۇ يېگۈچە،
ئەقىللىق بىلەن تاش توشۇ.

ئەقىلنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولماس.

ئەخمەقنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن.

ئەقلى بارنىڭ ئىپپى تولا،
ئەقلى يوقنىڭ گېپى تولا.

ئەقلى كۆپنى ئاتا تۇت.

ئەقىللىق پۇل تاپسا تايغا مىنەر،
ئەقىلسىز پۇل تاپسا لايغا مىنەر.

ئەقىلسىز قېرىدىن ئەقىللىق بالا ياخشى.

ئەقىللىق دەپ ئېيتسا بولۇر ئېيتماي تۇرۇپ بىلگەننى،
سېخىي دەپ ئېيتسا بولۇر سورىماي تۇرۇپ بەرگەننى.

باتۇرلۇق بىلەن بۆرە تۇت،
ئەقىل بىلەن تۇلكە تۇت.

بالا كەلسە ئەقىل قاچار.

بىغەم بېشى تاشقا تەگكەندە ئەقىل تاپار.

بۇلتۇر يېدى خوۋۋەينى،
بۇ يىل چىقتى زوۋۋانى.

بىلىمدىن ئاقىل چىقار،
ئاقىلدىن نەقىل (چىقار).

بوي يەتمىگەن يەرگە ئوي يېتەر.

بىر مىسقال دۆلەتنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مىڭ مىسقال تەمكىنلىك كېرەك.

بىر سەر ئەقىل قوشۇلسا، بىر سەر ئالتۇن قوشۇلار.

بۆكەن مەست بولۇپ كەتسىمۇ، قاپلاننىڭ ئىزىنى پەرق قىلار.

پۇلۇڭغا ئىشەنگۈچە، ئەقلىڭگە ئىشەن.

تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولۇر.

تۆگىدەك بويۇڭ بولغۇچە، تۈگمىدەك ئەقلىڭ بولسۇن.

توخۇنىڭ ئەقلى يوق،
ئەقلى بولسا يەمدۇ پوق.

جەڭنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ.

جىنىم دەپ جاننى ئېلىپتۇ.

جەھىل — دۈشمەن،
ئەقىل — دوست.

چېچەن كىشى سۆز باشلار،
ئاقىل كىشى ئەل (باشلار).

چوڭنىڭ ئەقلى چوڭ بولۇر،
قىلغان ئىشى ئوڭ (بولۇر).

خۇدا ئۇرسا، ئاۋۋال ئەقلىدىن ئۇرار.

دانا كىشى كۆپ ئاڭلاپ، ئاز سۆزلەر.

دەريا — قاش بىلەن دەريا،
ئادەم — باش بىلەن ئادەم.

دىلى كورغا كۆز نەھاجەت.

دىتى بارنىڭ گېپى بار.

زېرەك كىشى خۇشامەتنى دوست تۇتماس.

ساقالنى ئۆچكىدىن سورا،
بوينى تۆگىدىن (سورا).

سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختار.

سەن تاش سانىغۇچە، باشقىلار قوم سانار.

سەۋەب قىلساڭ زاۋال يوق،
سەۋەب قىلالمىساڭ ئامال (يوق).

سۇنىڭ قەدرىنى قۇدۇق كولىغان بىلەر.

شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ئەقىلدىن ئازدۇرار.

شەيتاننىڭ شەيتانلىقىدىن ئادەمنىڭ شەيتانلىقى يامان.

غەمسىزنىڭ پاراستى يوق،
پەمسىزنىڭ پاراغىتى (يوق).

غەمسىزلىك ـــ پەمسىزلىك.

قارا تاشقا يامغۇر ئۆتمەس،
ئەقىلسىزگە گەپ (ئۆتمەس).

قارىغۇنىڭ كۆزى كۆرمەس ئەقلى كۆرەر.

قاچىنىڭ تېگىدە قاچا بار،
ساقتىن زېرەك گاچا بار.

قاپاقچە كاللىدا ئوشۇقچە مېڭە بار.

قەلەم بىلەن پۈتۈلگەننى قىلىچ بىلەن
چېپىپ بولماس.

قويچىدىن قوي سورىسا، قويچى قوپۇپ ئۆي
سوراپتۇ.

قۇرغۇي قۇشقاچنى ماراپ بولغۇچە، مۇشۈك تۇتۇپ
يەپ بولۇر.

قۇشقاچنى قاردا تۇت،
توكۇرنى ياردا (تۇت).

كارۋان تۆگىسى بىلەن يۈرەر،
ئالىم مېڭىسى بىلەن (يۈرەر).

كۆز كۆرەر، ئەقىل تونار.

كۆز كۆرمەك ئۈچۈن،
ئەقىل بىلمەك ئۈچۈن.

كۆز قەيەردە بولسا، كۆڭۈل شۇ يەردە.

كۆڭلۈڭ يۇگەنلىك بولسۇن،
ئەقلىڭ يۈگۈرۈك بولسۇن.

كۆپ سۆزلىگەن بىلەن چېچەن بولماس،
كۆپ ئاتقان بىلەن مەرگەن (بولماس).

كىشىنىڭ قولى بىلەن يىلان تۇت.

كىشىنىڭ ئەقلى بىلەن باي بولغۇچە،
ئۆزۈڭنىڭ ئەقلى بىلەن گاداي بول.

مېڭەڭ بولمىسا مېلىڭ ئىككى بولماس.

مىڭ قاغىغا بىر سالغا.

نەپسىنىڭ تىزگىنى ئەقلىنىڭ قولىدا.

هاراق بىلەن دوستلاشتىڭ —
ئەقىل بىلەن خوشلاشتىڭ.

هايۋان كۈچى بىلەن ئاتىلار،
ئادەم ئەقلى بىلەن (ئاتىلار).

هوشيارنىڭ ئەقلى هازىر،
مەستخۇشنىڭ ئەقلى ئەتىسى.

ئون خوتۇننىڭ بىر توخۇدەك ئەقلى يوق،
ئەقلى بولسا شۇ توخۇنىڭ يەمدۇ پوق.

ئويلىغانغا ئەقىل تۆگىمەس،
ئىشلىگەنگە كۈچ (تۆگىمەس).

ئوۋچى قانچە ھىيلە بىلسە، ئېيىق شۇنچە يول بىلۇر.

ئۇ دۇنيادا جەننەت بولسا، بۇ دۇنيادا ھېكمەت بار.

ئۇستا ئوۋچى ئىز تونۇر،
زېرەك يىگىت قىز تونۇر.

ئۆزىنى سورىمىغان ئۆتۈككە ئۇلتاڭ،
ئۆزىنى سورىغان شەھەرگە سۇلتان.

ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇپتۇ.

ئۆتۈككە چەم كېرەك،
ھەممە ئىشقا پەم (كېرەك).

ئۆزىنى سورىغان قازىنىڭ ئالدىغا بارماس.

ئۆزى قەلەمچە،
ئەقلى ئالەمچە.
ئىشلەتكەن تۆمۈر پارقىرار.

ئىش پەم بىلەن،
چورۇق چەم بىلەن.

ئىنسان شەكلى بىلەن قەدىرلىك ئەمەس، ئەقلى بىلەن قەدىرلىك.

ئىش بىلمىگەن ئىش ئاستىدا ئۆلەر.

ئىش بىلگەن ئىشنى ئۆلتۈرەر،
ئىش بىلمىگەن ئۆزىنى (ئۆلتۈرەر).

ئىشىككە دەم كىرەك،
ئىشقا پەم (كىرەك).

ئىت سۆڭەك يېسە، كۆتى بىلەن كېڭىشىپ يەر.

ياشنىڭ غەيرىتىگە باق،
قېرىنىڭ پاراسىتىگە (باق).

يەرنىڭ ئاستىدىكى يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى بىلەر.

يولۋاستەك ئىتىغا قارىغۇچە، مىسقالدەك دىتىغا قارا.



# غەيرەت-جاسارەت توغرىسىدا

ئالىمەن دېگەن قولىدىن تارتىپ ئالۇر.

ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق.

ئات كەينىگە مىنگەشمە،
مىنگەشكەندىن كېيىن ۋاي دېمە.

ئالتۇن ئالتىندا بولۇر،
قازساڭ قوينۇڭدا (بولۇر).

ئاستا ماڭغانمۇ ماڭغان،
توختاپ قالغان يامان.

ئاچچىق يۇتماق — تاغ يۇتماق.

بامدات ئۆتەر ھەر كىشى،
خۇپتەن ئۆتەر ئەر كىشى.

بەل باغلىغان يول تاپار.

بەل باغلىغان بىلەن ئەر ئەمەس،
چاچ تارىغان بىلەن خوتۇن (ئەمەس).

تەۋەككۇلنىڭ بىر ناخشىسى ئارتۇق.

توشقاننىڭ تىرنىقى تاشقا مىخ قاقار.

توشقان تېرىسى ئۈچ كۈن چىدار.

توخۇ ئۈچسا شاخقا قونار،
لاچىن ئۈچسا تاغقا (قونار).

تۈلپار قېرىسىمۇ بەيگىدىن قالماس.

جان تۇمشۇققا كەلمىگۈچە جان بەرمە.

جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتمەس.

چىدىغان غالىب،
چىدىمىغان غايىب.

داۋىنى بولمايدىغان تاغ يوق،
ئۆتكىلى بولمايدىغان دەريا (يوق).

دان بەرمىگەن يەر ئەمەس،
ئەردىن قالغان ئەر (ئەمەس).

دەرەخنىڭ ئاچىسى بار،
سەۋرنىڭ قاچىسى (بار).

سەۋرنىڭ تېگى سېرىق ئالتۇن.

سەۋر قىلساڭ شادلىنىسەن،
ئالدىرىساڭ ئالدىنىسەن.

سەۋرلىك چىدار،
سەۋرسىز يىغلاپ قاچار.

سەۋر — ئەقىلنىڭ بەلگىسى.

سەۋرنىڭ كەينى راھەت.

سەۋرچان تاغنى ئېگەر.

سەۋرچان ئاش يەر،
بىتاقەت تاش (يەر).

سەۋر - تاقەت — تېگى راھەت.

سۇنى كېسىپ لايدا توختاپتۇ.

غەيرەتلىك ئەردىن تاغمۇ قېچىپ قۇتۇلالماس.

غەيرىتىڭ بولسا، يۇلتۇز سانايسەن.

غەيرىتى يوقنىڭ قەدرى يوق،
قەدرى يوقنىڭ قەبرىسى يوق.

غۇلاچقا چىداپ، غېرىچقا چىدىماپتۇ.

قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر.

قىرىققا چىدىغان، قىرىق بىرگە ھەم چىدار.

قىزنىڭ جېنى قىرىق.

قىيىن ئىش يوق ئالەمدە،
كۆڭۈل قويغان ئادەمگە.

كۆڭۈلنىڭ تۈۋرۈكى سەۋر.

كۆز قورققاق، قول باتۇر.
(كۆز قورققان، ئىلىك باتۇر.)

كۆپ ئوقۇغان كۆپ بىلەر.

كىشىنىڭ ئون «ھە ـ ھۇ»سىدىن ئۆزۈڭنىڭ بىر غەيرىتى ئەلا.

موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە.

مۇز داۋان ئېگىز بولسىمۇ،
ئاسماندىن پەس.

ئۆتتەك قىزىپ، پوقتەك سوۋۇپتۇ.

ئۆتتۈز كۈن روزا تۇتۇپ، ئاخىر پوقتا ئىپتار قىپتۇ.

ئوغۇل يىگىت بولسا، بىر ئارغىماق توقۇقلۇق.

ئۆلۈكتىن قەبرە قالار،
مەھبۇستىن سەۋر (قالار).

ۋاقىتنى چىڭ تۇتساڭ ئىشىڭ پۈتەر،
ھۇرۇنلۇق قىلساڭ ئۆمرۈڭ ئۆتەر.

ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس.

ئېرىنسەڭ ئىشىڭنى كىم قىلۇر،
تارتىنساڭ گېپىڭنى كىم قىلۇر.

ئىش باشقا، ھەۋەس باشقا.

ئىشىنىڭ ئاسىنى يوق،
قىلالىساڭ قىيىنى (يوق).

ئىرادىسى چىڭ ئادەم — ئەل ئىچىدە جىڭ ئادەم.

ئىرادىسىزگە يول يىراق،
دىنىسىزغا مەسچىت (يىراق).

ئىرادىسىز كىشىگە مەنزىل يىراق.

ياشلىقىڭدا بولمىساڭ شىجائەتتە،
ياشانغاندا قالىسەن نادامەتتە.

ياشلىقىڭدا ئۆگەنگەن تاشقا يازغاندەك،
قېرىلىقتا ئۆگەنگەن قۇمغا يازغاندەك.

يول يۈرسەڭ باشقا چىق،
سۇ ئۈزسەڭ قاشقا (چىق).

يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس،
ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر.

يولۋاس ئىزىدىن قايتماس،
يىگىت سۆزىدىن (قايتماس).

يىقىلغان توۋا قىلماس،
توۋا قىلسا كۆڭلى قويماس.

# ئۆگنىش توغرىسىدا

ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا،
توقنىڭ كۆزى ھېكمەتتە.

ئاڭلىغان قۇلاقتا تۇرماس،
كۆرگەن كۆزدە (تۇرماس).

ئادەم ئەقىللىق بولسىمۇ، ئۆگەنمىسە بىلەلمەس.

ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ ئالىم بولۇر.

ئازنى بىلمىگەن كۆپنى بىلمەس.

ئەقىل تاپاي دېسەڭ ئۆگەن،
بەخۇاشلىققا سالغىن يۇگەن.

ئەقىللىق بولاي دېسەڭ، ئەقىلسىزدىن ئۆگەن.

بالا كۆرگەننى دورار،
قېرى كۆرگەننى سورار.

بىلىمگە بېقىپ ئىززەت،
ئۇستازغا بېقىپ شاگىرت.

بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، تىرىشماسلىق ئەيىب.

بىلگەندىن ئۆگەن،
بىلمىگەنگە ئۆگەت.

بىلمىسەڭ كۆپتىن سورا.

بىلمىگەننى بىلىمەن دېيىش ئەيىب،
بىلمىگەننى سوراش ئەيىب ئەمەس.

بىلمىگىنىڭنى دۈشمىنىڭدىن ئۆگەن.

بىر كۈن ياشاش ئۈچۈن مىڭ كۈن ئۆگەن.

بىر ئىشىك قويۇش ئۈچۈن ئون ئىشىك كۆر.

بىكار بولساڭ خىيال سۈر.

پەن ئۆگەنگەن قەنت يەر،
ئۆگەنمىگەن غەم (يەر).

پۇل تاپقۇچە ئىلىم تاپ.

تەلىم بېرىش ئۈچۈن تەلىم ئال.

تىرىشقان بىكار كەتمەس.

تىرىشقاق تاپار،
تاشقا مىخ قاقار.

تۆمۈر تاۋلىمىساڭ گاڭ بولماس،
ئادەم ئۆگەنمىسە ئاڭ بولماس.

چاقچاق كۆڭۈل ئاچار،
تېپىشماق زېھىن (ئاچار).

چوڭ قوغۇننىڭ تىلىمى كۆپ،
تىرىشچاننىڭ بىلىمى (كۆپ).

چېنىقىشنىڭ بارىدا گۆش يە،
كۆزۈڭنىڭ بارىدا شەھەر كۆر.

چايناپ بەرگەن ناننىڭ تەمى بولماس.

دوراپ قىلغۇچە، سوراپ قىل.

دۇنيانىڭ چېتى يوق،
ئۆگىنىشنىڭ چېكى (يوق).

سورا - سورا بىلىم ئالار،
ئويلا - ئويلا كېيىن قالار.

سوراپ - سوراپ مەككىنى تاپار.

قارىمىساڭ كۆرەلمەيسەن،
سورىمىساڭ تاپالمايسەن.

قىلىچ قىنىدا ياتسا دات باسار.

كۆز بىرنى كۆرەر،
كۆڭۈل مىڭنى (كۆرەر).

كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ،
كۆرمىگەننى كۆرسەن ئۆلمىگىنىڭ.

كۆرە - كۆرە چېچەن بولار.

كۆپ ئوقۇغان كۆپنى بىلۇر،
ئوقۇمىغان نېمىنى (بىلۇر).

ھۈنەرنى بىر كىشىدىن ئۆگەن،
ئىلىمنى مىڭ كىشىدىن ئۆگەن.

ئوقۇماي موللا بولماس،
چوقۇماي قاغا (بولماس).

ئون دوراشتىن بىر سوراش ئەلا.

ئون ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا.

ئوقۇمىغۇچە موللا بولماس،
بويىمىغۇچە مەللە (بولماس).

ئوننى يىگەننىڭ ئۇدانى بىر،
ئوقۇغان موللىنىڭ قۇرئانى (بىر).

ئۇستا قانداق بولسا، شاگىرتى شۇنداق بولۇر.

ئۇستازى زالىم بولسا،شاگىرتى ئالىم بولۇر.

ئۇستاز زېرەك بولسا، شاگىرتى روناق تاپار.

ئۆگىنىشنى ئار كۆرمە،
بىلىملىكنى خار (كۆرمە).

ئۆگەنگەنگە ئالتۇن بۆشۈك،
ئۆگەنمىگەنگە لايدىن تۆشۈك.

ئۆگىتىش ئۇچۇن ئۆگەن، ئېلىش ئۇچۇن بەر.

ئىزا تارتىپ سورىمىغان ئۆزىگە زالىم.

# ۋاقىت، ھايات توغرىسىدا

ئالەمنىڭ جىقى كېتىپ ئېزى قالدى،
چاپاننىڭ تېشى يىرتىلىپ مېزى (قالدى).

ئامەت قاچقاندا پەلەك ساڭا يار بولماس،
ئەجەل تىكىلگەندە داۋا ساڭا كار قىلماس.

ئالەم بىر تۇگۈرمەن — بىر كۈن تۈنەر،
ئادەم دېگەن بىر پەنەر — بىر كۈن ئۆچەر.

ئادەم گۈلدىن نازۇك،
تاشتىن قاتتىق.

ئالتۇن تېپىلار، ياشلىق تېپىلماس.

ئالدى باھار، ئاخىرى غازاڭ.

ئەر قېرىسا كۈچىدىن قالۇر،
خوتۇن قېرىسا ئېسىدىن (قالۇر).

بالىلار چوڭ بولۇشنى ئويلار،
چوڭلار ياشىرىشنى (ئويلار).

بىرىدىن كەچمىگۈچە، بىرىگە يەتكىلى بولماس.

بۇ دۇنيا بىر بوشلۇق لەڭگەر.

بۇ دۇنيا كەپتەرخانا، بىرى ئۇچسا، بىرى قونار.

پاتار كۈننىڭ ئاتار تېڭى بار.

تاڭ ئۇيقۇسى — خان ئۇيقۇسى.

تەڭرىنىڭ كۈنى تېرىقتىن تولا.

توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتۇپتۇ.

تويدىن كېيىن ناغرا چېلىپتۇ.

تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق.

تۆردە ئولتۇرغان ھېساب ئەمەس، زەللە ئالغان ھېساب.

تۈگمەن بار يەردە يارغۇنچاقتا نۆۋەت يوق.

جاننى ئاسرىساڭ، ۋاقىتنى ئاسرا.

زامان شۇڭقارنىمۇ ئالار،
تۇلپارنىمۇ ئالار.

سەھەر تۇرماق سائادەت،
ۋاخچە تۇرماق نادامەت.
(سەھەر تۇرماق سائادەت،
ئۇلۇغلاردىن قالغان ئىبادەت).

سەھەر تۇرغان ئاچ قالماس.

سۇنمايدىغان تۆمۈر يوق،
ئۆچمەيدىغان ئۆمۈر (يوق).

سۇغا كېلىپ ئۇسسۇز قاپتۇ.

قازا نەچچە، ئۆلۈم بىر.

قېرىغاندا ئات تېزىكى ئالتۇن كۆرۈنەر.

قېرىغاندا قىردىن ئاشالماس.

قېرى خوتۇن ياش بولدى،
جۇۋانلارغا تەس بولدى.

كۈن قايتار، زامان قايتماس.

كۈن ئۆرلىسە سايەڭ قىسقىرار،
يىل ئۆرۈلسە ئۆمرۈڭ (قىسقىرار).

كۈننى توسۇۋالغىلى بولماس،
ۋاقىتنى سېتىۋالغىلى (بولماس).

كۆرگىنىم كۆپ،
يېمىگىنىم چۆپ.

كېيىنكى پۇشايمان — ئۆزۈڭگە دۈشمەن.

كۆز يۇمغۇچە داۋان ئاشقىلى بولماس.

گاھى خۇدا بىلەن رۇسۇل،
گاھى دۇتار بىلەن ئۇسسۇل.

مەن ئالدىرايمەن كەتكىلى،
ئېشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى.

ناننى تونۇرنىڭ قىزىقىدا ياق.

ھەپتىنىڭ ئالتىسى «بە»، بىرى «مە».

ھېيتتا قويمىغان ئوسماڭنى ھېيتتىن كېيىن كاساڭغا قوي.

ھېيتتىن كېيىن ياسانغاننىڭ نېمە پايدىسى.

ئون ئۆلۈكتىن بىر شېھىت ئەلا،
ئون شېھىتتىن بىر تىرىك (ئەلا).

ئويۇنغا بېرىلگەن ئوڭدا قالار.

ئوچاق سوۋۇغاندا رەپىدە كەپتۇ.

ئۈيقۇڭ كەتسە كەتسۇن،ۋاقتىڭ كەتمىسۇن.

ئۆمرۈڭگە ئىشەنمە، ۋاقىتنى قەدىرلە.

ئۆزۈڭدىن ئۆتكەن، قولۇڭدىن كەتكەن.

ئۆتكەل ئۆتسەڭ ئاۋۋال ئۆت، كېيىن ئۆتسەڭ يول تايغاق.

ئۆلگەندىن كېيىن «ياسىن»نىڭ نېمە پايدىسى؟

ئۆتكەن ئۆمۈر — ئاققان سۇ.

ئۆتكەن ۋاقىت — چىرىگەن تۆمۈر.

ئۇسكەككە مۈڭگۈز، تەپكەككە تۇياق بەرمىگەن خۇدايىم.

ۋاقىت — ئۇچقۇر قۇش.

ۋاقىتنى چىڭ تۇتساڭ ئىشىڭ پۈتەر،
ھۇرۇنلۇق قىلساڭ ئۆمرۈڭ ئۆتەر.

ۋاقىت قەدرىنى بىلمىگەن ئۆز قەدرىنى بىلمەس.

ۋاقىت — جان دېمەكتۇر.

ۋاقتى ئۆتكەندە قىلىچىڭنى پوققا چاپ.

ۋاقىت — ئالتۇندىن قىممەت.

ۋاقىت — ئاتقان ئوق،
ئۇنىڭ قايتقىنى يوق.

ۋاقىت دېگەن ئاتقان ئوق،
بىكار ئۆتسە ھېچنېمە يوق.

ۋاقتىڭ كەتتى — بەختىڭ كەتتى.

ۋاقىتنى ئۆمۈردىن ئەلا بىل.

ۋاقىتنىڭ كەتكىنى — گۆھەرنىڭ يىتكىنى.

ئىسسىقنىڭ باردا ئىتىككىنى ياپ.

ئىشەكنىڭ قىرىشى چىشىدىن ئايان،
ئادەمنىڭ قىرىشى ئىشىدىن (ئايان).

ياشلىقتىكى سۆلەتتىن قىرىلىقتىكى دۆلەت ياخشى.

ياش چىغىڭ — ئالتۇن چىغىڭ،
پەرۋىش قىلساڭ گۇللەر بىغىڭ.

ياشلىق — لاۋۇلدىغان ئوت.

ياشلىق كەتسە قايتىپ كەلمەس،
قىرىلىق كەلسە قايتىپ كەتمەس.

ياخشىغىمۇ شۇ بىر كۈن،
يامانغىمۇ شۇ بىر كۈن.

ياشلىقىمدا ئاي بولغان، قىرىغاندا لاي بولدۇم.

ياش قوماچقا ئامراق،
قىرى ئۇماچقا (ئامراق).

ياخشى كۈن — جەننەت،
يامان كۈن — دوزاخ.

يىلنى بەرسەڭ يازنى بەر،
كۈننى بەرسەڭ ئازنىنى (بەر).

# باتۇرلۇق، قورقۇنچاقلىق توغرىسىدا

ئاسماننىڭ تۈۋرۈكى يوق،
قورقۇنچاقنىڭ يۈرىكى (يوق).

ئات ئۈستىدە كارۋانمەن،
جەڭ ئۈستىدە پالۋانمەن.

ئاتقا ئېگەر كېرەك،
ئېگەرگە ئەر (كېرەك).

ئالىم ئانىدىن تۇغۇلار، ئەل ئۆستۈرەر.

ئالپلار ئېلىشماستىن تونۇشماس.

ئالدىرىغاندا دۈڭگە مۆكۈنۈپتۇ.

ئاتمىش كۈن ئاختا بولغۇچە، ئالتە كۈن ئايغىر بول.

ئالتۇننى ئوتتا سىنا،
باتۇرنى مەيداندا (سىنا).

ئەلگە كەلگەن ياۋ — ئەرگە كەلگەن ياۋ.

ئەندىشىنىڭ ئېتى قورقاق.

ئەڭ باتۇر كىشى — ئۆز نەپسىنى يىغقان كىشى.

بازغان بولساڭ ئۇرۇپ باق،
سەندەل بولساڭ چىداپ باق.

باتۇرلۇق بىلەكتە ئەمەس، يۈرەكتە.

باتۇرغا بىر ئۆلۈم،
قورقۇنچاققا مىڭ ئۆلۈم.

باي — يۇرتنىڭ ئوزۇقى،
باتۇر — يۇرتنىڭ قوزۇقى.

باتۇرنىڭ چومىقى بول، قورقۇنچاقنىڭ تومىقى بولما.

باتۇر دۈشمەنسىز بولماس.

باتۇر چۈشىدە دۈشمەن كۆرەر.

باتۇرنى خار قىلما،
يۈگۈرۈك ئاتنى يېغىر (قىلما).

باتۇرغا ئوق كار قىلماس.

باتۇرغا بىلەك كېرەك،
مەردكە يۈرەك (كېرەك).

باشقا كەلسە باتۇر بوپتۇ.

باتۇرنىڭ جىسمى ئۆلسىمۇ، ئىسمى ئۆلمەس.

باتۇر ئۆلەر، نامى قالار.

باتۇر يالغۇز قىلىشتىن قورقماس.

باتۇر قولىدا ئەجدىھا ئۆلەر،
قورقۇنچاق سىنى ئەجدىھا بىلەر.

باتۇر ئىلىنى ياۋغا بەرمەس،
چېچەن سۆزىنى داۋغا (بەرمەس).

باتۇر باتۇرنى تونۇر.
(باتۇرنى ئەل تونۇر).

باتۇر شەھەر ئالار،
نامەرد زەھەر (ئالار).

باتۇر ئىتى بىلەن باتۇر.

باتۇرغا يۈرەك كېرەك،
ئىشچانغا بىلەك (كېرەك).

باتۇرنىڭ بېشىغا بالا تەگمەس.

باتۇردىن ئۆلۈم قورقار.

بۇركۇت بوراندىن قورقماس،
باتۇر جاپادىن (قورقماس).

بۆرە مىلتىقتىن قورقار،
تۈلكە ئىتتىن (قورقار).

بوغۇشقىنىڭدىن تۇتۇشقىنىڭ ياخشى.

بۆرە ئاچلىقتا تۆزسىمۇ قۇللۇقتا تۆزمەس.

بۆرىنىڭ ئەجىلى — ئىتلىقتىن.

بەرگەن باتۇر ئەمەس، سورىغان باتۇر.

پالۋان دەرد يەر،
بالىلىرى ئەت يەر.

پالۋان ئۆكتەم كېلۇر،
باتۇر ئاڭقاۋ (كېلۇر).

تەزىم قىلىپ ئاش - نان يېگۇچە،
تىك تۇرۇپ دەشنام يە.

تەگمىگەن تاياقتا ۋاي دەپتۇ.

تۇلپاردىن تۇياق قالىدۇ،
شۇڭقاردىن قۇياق (قالىدۇ).

توشقاننى قومۇش ئۆلتۇرەر،

يىگىتنى نومۇس (ئۆلتۈرەر).

توشقان كۆلەڭگىسىدىن ئۈركۈپ قىرىق يىل يۈگۈرەر.

توشقاندەك مىڭ يىل ياشىغاندىن يولۋاستەك بىر كۈن ياشا.

جانغا جان كەلگەندە باتۇر.

جەڭدە ئۆلسە بىر كىشى،
غەيرەتلىنەر مىڭ كىشى.

جىندىن قورقۇپ ئالۋاستىغا يولۇقۇپتۇ.

جىگىرى يوقنىڭ كۈنى تەس.

چاشقان مۈشۈكنى كۆرۈپ، تاغاردەك كامارغا پاتماپتۇ.

چىت ئاجىز بولسا، ئىت بۆسەر.

چىۋىن قونسا غىڭشىيسەن، كالتەك تەگسە جىم.

دۈشمەننى تىل بىلەن ئەمەس، تىغ بىلەن قوغلا.

سۆز باتۇرلۇقى — تىلدا،
ئەر باتۇرلۇقى — بەلدە.

سۆزۈڭ ھەق بولسا خاندىن قورقماي ئېيت،
ئېشىڭ ھالال بولسا تۆت كوچىدا ئىچ.

سۇ كېچىكىدىن ئۆتكەن ھېساب ئەمەس،
قان كېچىكىدىن ئۆتكەن ھېساب.

شەنگىنىڭدىن قورقمايمەن،
قوناقلىقتىن چىقمايمەن.

شىر ئېشەكتىن قورقۇپتۇ،
ئېشەك شىردىن (قورقۇپتۇ).

قاچقانمۇ خۇدا دەيدۇ،
قوغلىغانمۇ خۇدا دەيدۇ.

قاچ - قاچ بولسا، ھېچكىم بىر - بىرىگە باقماس.

قالغان ئىشنى قىلغىلى قاتتىق باشلىق ئەر كېرەك.

قازىنىڭ تۇخلۇكىدىن قېچىپ،
پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا چۈشۈپتۇ.

قارچىغا قاغىدىن قورقماس.

قەھرى بولمىسا ئەر بولماس.

قورقۇنچاق مۇرادىغا يەتمەس.

قورققاننى ئەجەل قوغلار.

قورققانغا قوش كۆرۈنەر،
قوي بېشى بەش (كۆرۈنەر).

قورققانغا قوش كۆرۈنەر،
كۆلەڭگىسى بەش (كۆرۈنەر).

قورقۇنچاقتا نومۇس يوق.

قورقۇنچاق ھەسەتخور بولۇر،
نامەرد قەسەمخور (بولۇر).

قورققاق كۆلەڭگىسىدىن قورقار.

قورققاقنىڭ كۆزى يوغان،
ئەخمەقنىڭ سۆزى (يوغان).

قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرەر.

قورقۇنچاق ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈيدۇ.

قورقۇنچاق ئۆز ھالاكىتىنى ئويلار،
باتۇر ياۋ ھالاكىتىنى (ئويلار).

قورققانىنى كۆپ قوغلىساڭ باتۇر بولۇر.

قۇشقاچتىن قورققان تېرىق تېرىيالماس.

قۇرغۇي ئاكام كەپتۇ دېسە، دالدىغا قاچقان بۆدۈنە.

قىلتاققا چۈشكەن قاغا قىرىق يىلغىچە ياغاچقا قونماس.

قىينچىلىق قورقۇنچاقنىڭ يۈكى،
باتۇر ئۈچۈن توخۇنىڭ تۈكى.

كۆزۈم كۆرمىسۇن، كۆتۈمنى بۆرە يېسە يېسۇن.

كۆكنىڭ سايىسىدە جان باقۇچە،
لاچىن چاڭگىلىدا ئۆلگەن تۈزۈك.

كۆك كىرسۇن، قىزىل چىقسۇن.

كۆل تۇتقۇچە چوغ تۇت.

كىم ـ كىمدىن قورقسا شۇنىڭغا يولۇقار.

گۈل ئۈزمەكچى بولساڭ تىكىنىدىن قورقما.

گۈلنى ياخشى كۆرسەڭ تىكىنىدىن قاچما،
ھەسەلنى ياخشى كۆرسەڭ ھەرىسىدىن (قاچما).

لاچىن قاراپ تاپىدۇ،
تۈلكە پۇراپ (تاپىدۇ).

مەرد يىگىلىسە مەيداندا قالار.

مەردنى مەيداندا سىنا،
ئاتنى ئوغلاقتا (سىنا).

مەرد ئىزىنى ساتار،
نامەرد ئۆزىنى (ساتار).

مەرگەن ئوۋدا بىلىنەر،
باتۇر ياۋدا (بىلىنەر).

مەرد خوتۇننى قېرىتماس،
باتۇر ئېتنى ھېرىتماس.

مۇشۇك يولۋاستۇر چاشقان ئالدىدا،
لېكىن ئۇ چاشقاندۇر يولۋاس ئالدىدا.

مىڭ قاغا بىر تۈيغۇنغا يەتمەس.

نېمىدىن قورقساڭ، شۇنىڭغا يولۇقىسەن.

ھەردىن قورقمىغان ھەسەل يىغار.

ھودۇققان ئۆردەك كەينى بىلەن كۆلگە چۈشەر.

ئويناقلىغان تۇلپارنى تاغ ئاشقاندا بىلەرسىز،
مەنمەن دېگەن يىگىتنى ياۋ باسقاندا بىلەرسىز.

ئوغرى قورقسا ناخشا ئېيتار.

ئوغۇل بالىنىڭ يىغلىغىنى زايە.

ئۆلۈشتىن قورقما، ئۆلەرمەن بولۇپ ياشاشتىن قورق.

ئۆلۈم باتۇردىن بېزەر،
قورققاقنى ئېزەر.

ئۆلۈمنى ئۇنتۇغان دۈشمەننى يېڭەر.

ئۆلۈمدىن قورقما، ئەلەمدىن قورق.

ئۆزى قىلغان ئەر ئۆزى يىغلىماس.

ۋارقىرىغاندىن قورقما، باتىنىغاندىن قورق.

ئېيىقتىن قورققان جاڭگالغا بارماس.

ئېغىرلىقنى يەر كۆتۈرەر،
بالا ـ قازانى ئەر (كۆتۈرەر).

ئىتتىن قورققان گاداي ئەمەس.

ياۋنى چاپماق مەردىنىڭ ئىشى،
ئۆلۈمدىن قاچماق نامەردىنىڭ (ئىشى).

ياش تۆككۈچە مۈشت تۈگ.

يولۋاس تاغدا ياشار،
قورقۇنچاق باغدا (ياشار).

يولۋاس ئىزىدىن قايتماس،
يىگىت سۆزىدىن (قايتماس).

يۈز قاغىغا بىر تاش كۇپايە.

يۈرەكسىز دوستتىن قولۇڭدىكى تاياق ياخشى.

يېڭىلسەڭ ئۈستىسىدىن يېڭىل.

يېتىپ ئۆلگۈچە ئېتىپ ئۆل.

يىلاندىن قورققان ئارغامچىدىن قاچار.

يىگىتنى ياۋ ئۈستىدە كۆر.

يىگىتنىڭ زورى جەڭدە بىلىنەر،
ئاتنىڭ زورى قىيادا (بىلىنەر).

يىگىت بولساڭ ئەرشكە ئېتىل.

يىگىتنىڭ سۆرىدىن يولۋاس ئەيمىنەر.

## كەمتەرلىك ئەخمەقلىق، مەنمەنچىلىك توغرىسىدا

ئاتاڭنىڭ كىيگىنى تېرە تۇماق،
ساڭا نېمە يوغان دىماغ.

ئات مىنىپ ئاتامغا باقمىدىم.

ئابدالدا ئۇيات يوق،
كېپەكتە قۇۋۋەت (يوق).

ئاقىلنىڭ ئالامىتى كەمتەرلىك،
نادانىنىڭ ئالامىتى تەكەببۇرلۇق.

ئالتۇن ئېغىرلىق بىلەن يەڭدەر.

ئاقساق قوي ئۆر تالىشار،
ئايىملار تۆر تالىشار.

ئاچ قورساق خام دېمەس،
كەمتەر نام (دېمەس).

ئاق ناننى ياراتمىغان زاغرا كۆمەچكە ئۆچ بولۇر.

ئاتتىن چۈشسە، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ.

ئالىمدا دىماغ يوق،
تاۋاردا ئۇلاق (يوق).

ئاتقۇچىنىڭ لاپ ئۇرمايدىغىنى يوق.

ئالدىراڭغۇ ئات كۆتۈرەر،
توختۇن تاغ (كۆتۈرەر).

ئەجەب كولدۇڭ ئالتۇن تاپقاندەك،
قىلغان ئىشىڭ پايپاقتا نال قاققادەك.

بىر نان تاپسا داپ چېلىپ، ئىككى نان تاپسا چەللىدە ئات چېپىپتۇ.

بىر يەپ ئىككى تويغان ھۆكمەت چولاق.

بۇقىدەك ھۆركىرەپ، ئىنەكتەك سىيىپتۇ.

بىلەرمەنلىك — ئۆزۈڭگە دۈشمەن.

پاقا ئۆكۈز بىلەن تەڭ بولىمەن دەپ يېرىلىپ كېتىپتۇ.

پاقا ئۆزىنىڭ قۇمچاق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇر.

پامپىلىقتىن داڭگال تاپالماپتۇ.

تاراڭلىغان تۈگمەننىڭ ئۇنى يېرىك.

توخۇمى يوق مېكىيان تولا قاقاقلار.

تولا قاقاقلىغان توخۇ توخۇمنى ئوغرىغا بېرەر.

چۈجىنى كۈزدە سانا،
چۆچۈرىنى پىشقاندا (سانا).

چىللىغاندا كەلمەي، ئۆزى كەلگەن شەرمەندە.

چوڭ بولساڭ، كىچىك بولماق تەس.

خورىكى چوڭنىڭ تۇمشۇقى ئىلمەك.

دەرەخ ئۆزىنى تاغ چاغلار،
يۆگىمەچ ئۆزىنى باغ (چاغلار).

دىمىغى ئۇستۇن ئازگالغا چۈشەر.

سەللە يوغان، ئىمان يوق،
داستىخان يوغان، بىر نان (يوق).

سەللە يوغان، ئىمان يوق،
خۇرجۇن يوغان، بىر نان (يوق).

سۇتسىز ئىنەك بەك مۆرەر.

سۈيى يوق ئېرىققا مىراب بوپتۇ.
شامال يەپ بوران كېكىرىپتۇ.

قىرچاڭغۇ ئات سەمرىسە تۇتۇق بەرمەس.

كاككۇك ئۆز ئىتىنى قىچقىرار.

كاكىلىشى بىر تۇخۇم، ۋاي ئۇنىڭ ۋاقاقلىشى.

كەپتىرى يوقنىڭ پەغىزى يوغان،
تاماكىسى يوقنىڭ قەغىزى (يوغان).

كەمتەر بولساڭ ئۆسەرسەن،
مەغرۇرلانساڭ چۆكەرسەن.

كەمتەر ئامال تاپار،
تەكەببۇر زاۋال (تاپار).

كەمتەر كامال تاپار،
مەنمەنچى زاۋال (تاپار).

كۆككە باققان يىقىلۇر،
پاچىق - پاتقاقتا تىقىلۇر.

كۆرەڭ ئاغزىدا شەھەر ئېلىپ، ئوسۇرۇقىدا سىپىل سوقار.

كۆز - كۆز قىلما، كۆز تېگىدۇ،
ماختانچاقتا سۆز (تېگىدۇ).

كۆپ مىياۋلىغان مۈشۈك چاشقان تۇتالماس.

كىشىنىڭگەن ئايغىرنىڭ ئۈيۈرىنى كۆر،
كېرىلگەن يىگىتنىڭ تۈيىنى (كۆر).

كېرىلگىنىڭ كۆل بولغاي،
يېرىلغىنىڭ يەر (بولغاي).

كىشى ھىيلە بىلەن قىلسا غۇرۇر،
ئايغى تەرەپتىن ساماندەك قۇرۇر.

گەۋدىسىگە مەغرۇر بولغان تۆگە مۈچەلگە كىرەلمەي قالار.

ماختىغان قىز مەرىكىدە ئوسۇرۇپتۇ.

ماختانغاننىڭ ئۆيىگە بارما،
كېرىلگەننىڭ تويىغا (بارما).

ماختانغاننىڭ ئۆيىگە بارما، تويىغا بار.

ماختاش — ئاش بولماس.

مەنمەنچىلىك كېلەر پۇلدىن،
ئازدۇرار سېنى يولدىن.

مۈشۈكنىڭ گۆشكە بويى يەتمىسە، « روزا تۇتتۇم » دەر.

مىنگىنىڭ كىشىنىڭ بىيىسى،
ئەتە كېلەر ئىگىسى.

مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرار،
مېۋىسىز دەرەخ گىدىيىپ (تۇرار).

ھاكاۋۇرنىڭ ئاڭلىشىدىن سۆزلىشى تولا،
كەمتەرنىڭ سۆزلىشىدىن ئاڭلىشى (تولا).

ھاكاۋۇرنىڭ دەسمايىسى غالتەكتە.

ھەتتەملىككە[1] ھەشەم كېرەك.

ھەتتەمدە ئەقىل بولماس،
ئەقىل بولسىمۇ نەقىل (بولماس).

ئورۇق ئۆينىڭ پوقى چوڭ،
ئاشلىقى يوقنىڭ چارىكى (چوڭ).

ئورۇق ئۆينىڭ مۇڭگۈزى يوغان،
ئورۇق ئۆچكىگە يوغان مۇڭگۈز.

ئۆزى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق، ئاسماننى تېپەر.

ئۆزىنى ماختىغان ئۆلۈم بىلەن تەڭ.

ئۆزىنى بىلمىگەننىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى ئال.

ئېغىرلىق — راخمانلىق،
يېنىكلىك — شەيتانلىق.

---

① ھەتتەم — ئەخمەق، ھەشەمەتخور.

ئېغىر تاشنى سۇ ئالماس.

ئېغىر بولساڭ ئامبال بولارسەن،
يېنىك بولساڭ تامبال (بولارسەن).

ئېغىرلىقنى تاشقا بەرگەن،
يېنىكلىكنى ياشقا (بەرگەن).

ئېغىر ـ بېسىق بولساڭ خىزىر بولارسەن.

ئېيىق ئۆز كۈچىنى ئۆزى بىلمەس.

ئېغىزىدىن كەلگەن قولىدىن كەلسە، ھەممە ئادەم پادىشاھ بولۇر.

ئىچىدە ئىنى يوق، چىچقىلى ئامانقاغىغا بېرىپتۇ.

ئىتنىڭ سۆرى ــ باغلاقلىقتا،
ئادەمنىڭ سۆرى ــ سالماقلىقتا.

ئىت بېشى تەخسىدە تۇرماس.

ئىچىدە ئېشى يوق، چىققىلى...

يامانلىغان ئابدالنىڭ خۇرجۇنىغا زىيان.

يىڭنىنى خا قىپتۇ،
غىرىچىنى غۇلاچ (قىپتۇ).

يۈز خان بىر تازغا يارىماپتۇ.

# ياخشىلىق، يامانلىق توغرىسىدا

ئادەمنىڭ يامىنى ماراقچى،
ئوغرىنىڭ يامىنى قاراقچى.

ئالتۇن يەردە قالماس،
ياخشىلىق يولدا (قالماس).

ئالەم جاپاغا جۆپ، ۋاپاغا تاق.

ئاتنىڭ يامىنى تەپكەك،
ئادەمنىڭ يامىنى سەكسەك.

ئىينىڭ يورۇقى بار،
گۇناھنىڭ سورىقى (بار).

ئايالنىڭ كىيىمى پۈتمەس،
هارۋىنىڭ جابدۇقى (پۈتمەس).

ئابدال ئامانلىقنى تىلەر،
موللا يامانلىقنى (تىلەر).

ئابدالغا كەپسەن بەرسە، تارازىڭ راستمۇ دەپتۇ.

ئاچ قۇش ئىگىسىنى ئالار.

ئالتۇنغا توپا قونماس،
ياخشىلىق ھېچ ئۇنتۇلماس.

ئالەمگە پاتمىغان گۆرگە پاتار.

ئارپىلىققا سامانلىق،
ياخشىلىققا يامانلىق.

ئەسكىنىڭ جاجىسى جازا،
شەيخنىڭ جاجىسى مازار.

ئەرلىك كۆرسەتكەننى ئەل ئۇنتۇماس.

ئەسكىلىككە دەسمايە كەتمەس.

ئەسكىدىن خۇدامۇ قورقار.

ئەگرى ئازىدۇ،
توغرا ئۆزىدۇ.

ئەرزان بىلەن قىممەتنىڭ
بازاردا چىققان نەرخى بار،
ياخشى بىلەن ياماننىڭ
يەر بىلەن ئاسمان پەرقى بار.

بەتنىيەتنىڭ يولى تار.

بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس،
بىر يامانلىق (ئۇنتۇلماس).

بېشىنى سىلىسا، قولىنى چىشلەر.

بىر ياخشىلىق مىڭ بالادىن قۇتقۇزار.

بىر يامان مىڭنى يامان قىلۇر.

بېشىغا قازان ئېسىپ، ئاستىدىن ئوت يېقىپتۇ.

تاغدەك ئالتۇن بىر ياخشىلىققا ئەرزىمەس.

تۇزىنى يەپ تۇزلۇقىغا چىچىپتۇ.

تىكەندىن تېرىق ئۇنىدۇ دېمە،
ياماندىن ياخشىلىق كۆرىمەن (دېمە).

تۆھمەتخور تۆھمەت بىلەن ئۆلەر.

توڭگۇز تېرىقنى تۇگىتىپ ئۆلەر.

تىكەنگە تىل تەگمەس،
يامانغا كۆز (تەگمەس).

تۇرغانغا تۇۋرۇك بول،
ماڭغانغا كۆۋرۈك (بول).

جاي بەرگەنگە جان بەر.

جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا.

چاپار ئاتتىن چاڭ قالار،
ياخشىلاردىن داڭق (قالار).

چۈجىنىڭ شۈملۈقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق.

خەققە سانىساڭ ئۆزگە،
قاشقا سانىساڭ كۆزگە.

خەلق ياخشىنى ئەسلەر،
يامانىنىڭ بېشىغا دەسسەر.

خۇدا ئالدىدا گۇناھكار بولساڭ،
بەندە ئالدىدا سازايى بولىسەن.

دىل ئازاردىن خۇدا بىزار.

دوستۇڭ ھاراقكەش بولسا، يېپىشىڭ مۇشت.

دىلى قىيىقنى ئىت تونۇر.

رەھمى يوق ئادەمدىن رەھىمدىل ئىت ياخشى.

رەھىم قىلساڭ ھايۋانغا،تېزەكلەيدۇ ئايۋانغا.

ساۋابىنىڭ كۆتىگە ئۇي مۈڭگۈزى.

سەھەردە ھۇۋلىغان ئىتتىن قورق.

سۇنىڭ قەدرى ئۇسسۇغاندا بىلىنەر،
ياخشىنىڭ قەدرى ئايرىلغاندا (بىلىنەر).

سېسىق گۆشنى چۈن تاپار،
يامان ئىشنى يامان (تاپار).

غەيۋەتنىڭ ياخشىسى يوق.

غەرەزدىن غەرەز تۇغۇلار،
بەغەرەزدىن مەرەز (تۇغۇلار).

غالجىر خۇدانى بىلمەس،
ئىت هارامنى (بىلمەس).

قارنى يامان هېيتتا ئۆلەر،
نىيىتى يامان ئەيىبتە (ئۆلەر).

قارا نىيەت قان ئىچەر.

قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس.

قوينى قۇربانلىققا ياراتقان،
ئادەمنى تۇغرىلىققا (ياراتقان).

قىلغۇچىغا قاراڭغۇ، كۆرگۈچىگە يورۇق.

قېرى قۇلان تېرىسى قېيىش بولار، كۆن بولماس.
ياخشى ئاتا بالىسى غېرىب بولار، قۇل بولماس.

كەپتەر ئاسماندا پەرۋاز قىلسا،
مۇشۇك يەردە قانات ئىزدەر.

كېڭەشسەڭ مەرد بىلەن كېڭەش.

كىشىگە قىلغان كىشىدە قالماس.

كىشىگە يامانلىق قىلىمەن دېگەن ئۆزىگە قىلار.

كىشىگە قىلساڭ يامانلىق،
تاپالمايسەن ئامانلىق.

كۆڭۈلنىڭ ئالاسى — خۇدانىڭ بالاسى.

كۆزگە كۆرۈنمىگەن ئوغرى — مەككار ھۈنەرۋەندىن ياخشى.

كىشىگە قىلغان ئۆزىگە يانار.

گاسنىڭ قۇلىقى ئاڭلىمىغان بىلەن كۆزى بار،
ياخشىنىڭ ئۆزى بولمىغان بىلەن يۈزى (بار).

گۈل تەرگىنى گۈل ئالۇر،
تىكەن تەرگىنى پۇشايمانغا قالۇر.

لالما ئىتنىڭ ئۆلۈكى چۆلدە.

لاچىن ياتقاننى ئالماس.

مەرد تۇغۇلغان مەرد ئۆلەر.

مۇلايىملىقتىن بەخت كېلەر،
مەردانىلىكتىن تەخت (كېلەر).

نامەردنىڭ ھىيلىسى تولا.

نامەرد بىلەن قۇيماق يېسەڭ قۇستۇرار.

نومۇس يوق يەردە ياخشىلىق يوق.

نىيىتىڭ يامان بولسا، بېشىڭ ئامان بولماس.

نىيىتى يامانىنىڭ رەڭگى يىلاندەك سوغۇق،
دىلى پاكىنىڭ چىرايى گۈلدەك ئوچۇق.

نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك.

هايۋان بالىسىنى باقساڭ
ئاغزى - بۇرنۇڭ ماي بولۇر،
ئادەم بالىسىنى باقساڭ
ئاغزى - بۇرنۇڭ قان بولۇر.

هايۋانىنىڭ يامىنى قېچىر،
ئادەمنىڭ يامىنى چېقىر.

ئورنى كەم كولىسا شۇ چۈشەر.

ئوتنىڭ ئەسكىسى بۇدۇشقاق،
دوستنىڭ ئەسكىسى ئۇرۇشقاق.

ئۆيلىمىغان يەردىن يىلان چىقتى،
كۈتمىگەن يەردىن چايان (چىقتى).

ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ.

ئۇدۇم قىلساڭ ئۇلارسەن.

ئۆچكىنى ئۆز ئايىغى بىلەن ئاسار.

ئۆزى ئۇندەكتە،
كۆزى خۇندەكتە.

ئېشىنى يەپ تاۋىقىنى چىقىپتۇ.

ئېشەككە مۇنازا قىلساڭ، ئوقۇرغا چىچار.

ئېشەككە مۇڭگۈز چىقسا ئۇسۇپ ئۆلتۈرەر.

ئېگىز تاغدا قار بولۇر،
مەرد يىگىتتە ئار (بولۇر).

ئىتتىن قالغان سۇنى ئارسلان ئىچمەس.

ئىت سەمرىسە ئىگىسىنى چىشلەر.

ئىتقا نان بەرسە قولنى چىشلەر.

ئىككى ياخشى ئارىسىدا قىل ئۈزۈلمەس.

ئىتنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولسا، كۆكتىن سۆڭەك ياغار.

يامانىنىڭ يېنىدىن ئۆتەر،
ياخشىنىڭ جېنىدىن (ئۆتەر).

يامان كىشى قىلغاننى بىلمەس.

ياخشىدىن جاپا كەلمەس،
ياماندىن ۋاپا (كەلمەس).

ياماندلىق ئېيتمىغۇچە ياخشىلىق يوق.

ياخشىنىڭ سۆزى،
يامانىنىڭ كۆزى.

يامان بولساڭ سامان بولىسەن.

ياخشىغا مەشۇت يېپىشار،
يامانغا نەشە (يېپىشار).

يامان ئۆكۈزگە مۈڭگۈز بەرسە ئۇسۇپ ئۆلتۈرەر،
يامان ئادەمگە مال بەرسە ئۇرۇپ (ئۆلتۈرەر).

يازۇتقا يول يوق.

ياخشى ئىشقا ئالقىش ياغار.

يامان قالار ئۇياتقا،
ياخشى يېتەر مۇرادقا.

ياماندلىق قىلاي دېسە، ئېشەك تېزىكى دالدا بولار.

ياخشى كۆڭۈل يەردە قالماس.

ياخشىنىڭ ئىشىنى تېتىپ يە،
يامانىنىڭ ئىشىنى بېسىپ (يە).

ياخشىلىق كۆكلەر، قۇرۇماس.

يامان ئىشەكنىڭ دۈمبىسى ياخشى.

يامان ئاتنىڭ تېرىسى ئۈچ كۈن تاراقلار.

ياخشى ئىشنىڭ ئەته كېچىسى يوق.

ياخشىنىڭ گېپى ماي،
يامانىنىڭ گېپى لاي.

ياخشى ئات غىلتاڭ يەردىمۇ توختار.

ياخشىلىق تۆرگە باشلار،
يامانلىق گۆرگە (باشلار).

يامانغا ئۆزۈڭ يىغلىساڭمۇ كۆڭلۈڭ يىغلىماس.

ياخشىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئۆره قىل،
يامانىنىڭ ئاغزىغا ئۇرۇپ پۆره (قىل).

ياماندىن يەر قورقار.

يامانىنىڭ غەيۋىتى تۈگىمەس،
ياخشىنىڭ سۈپىتى (تۈگىمەس).

يامانىنىڭ چوققىسىغا پادا چىقسا، تاپىنىدىن يىرىڭ ئاقار.

يامانلىق ئاشماس ئۆزىدىن،
ياش ئالىدۇ كۆزىدىن.

ياخشى دوست سەپەردە بىلىنەر،
ياخشى قىز سەھەردە يۈزلىنەر.

ياخشىلىق يېنىپ تۇرغان چىراغ.

ياخشى كىشى يامانلاشسا
بىرەر نەرسىسىنى تاپالماس،
يامان كىشى يامانلاشسا
ئالار نەرسىسىنى تاپالماس.

ياخشىنى ياخشى دېسەڭ ئۆيلار،
ياماننى ياخشى دېسەڭ ماختىنار.

ياخشىنىڭ بەرگىنى تىرناقچە،
ياماننىڭ بەرگىنى ئوراقچە.

يامانغا ياغ ياراشماس، زاغرا نان ئوبدان بولۇر.

ياخشى ئىشنىڭ خۇش خەۋىرى بولار،
يامان ئىشنىڭ شۇم خەۋىرى (بولار).

ياماندىن ئاشقىنى يېرىم قوشۇق.

ياماننىڭ توقمىقى يېنىدا.

يامانلىقتىن ئامانلىق تىلىمە.

ياخشىنىڭ ياخشىلىقى تېگەر تار يەردە،
ياماننىڭ يامانلىقى تېگەر ھەر يەردە.

ياخشىلىق كۆرۈنمەس،
يامانلىق كۆمۈلمەس.

ياخشى ئات يۈرۈشىدىن پۇل بولار،
يامان ئادەم يۈرۈشىدىن قۇل (بولار).

يامانىنىڭ يامانلىقى بار،
كىشى بىلمەس ھىيلىسى (بار).

يامانىنىڭ ئالقىشىدىن ياخشىنىڭ قارغىشى ئۇلۇغ.

ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشى،
يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشى.

ياشلىقىدا ياخشىلىق قىلمىغان قېرىغاندا قاتتىقلىق كۆرەر.

ياخشىلىققا يامانلىق قىلساڭ ئامىتىڭ قاچار،
يامانلىققا ياخشىلىق قىلساڭ ھۆرمىتىڭ ئاشار.

ياخشى كەلسە قۇت قاپلار،
يامان كەلسە جۇت (قاپلار).

يامانغا گەپ قىلساڭ ھار ئالماس.

يامانلىق ئۆزىدىن ئاشماس.

ياخشى ئادەم قېرىسا، پۇتۇپ قويغان خەتكە ئوخشار،
يامان ئادەم قېرىسا، بىسىپ ياتقان ئەتكە ئوخشار.

ياخشى بىلەن يۈرسەڭ ئېچىلار چېچىكىڭ،
يامان بىلەن يۈرسەڭ يېرىلار يۈرىكىڭ.

ياخشىنىڭ يېغى يۇقار،
ياماننىڭ دېغى (يۇقار).

ياماننىڭ يولى قۇرۇق،
ياخشىنىڭ يولى ئۇلۇغ.

يامان تۈلكە قاپقانغا يۈگۈرەر.

ياخشى ئادەم شادلىنار،
يامان ئادەم دادلىنار.

ياخشى ئوغۇل ئەلنىڭ غېمىنى يەر،
يامان ئوغۇل ئەلنىڭ مېلىنى (يەر).

ياخشىنى ماختىساڭ يارىشار،
ياماننى ماختىساڭ ئادىشار.

يامان كەتسە داغ قالار،
ياخشى كەتسە باغ (قالار).

يامان نىيەت يورۇققا چىقماس.

ياخشىدىن يامان چىقۇر،
ياماندىن ياخشى (چىقۇر).

يامانـدىن يەر قورقار،
تەلۋىدىن تەن (قورقار).

يامانغا ياغ ياراشماس،
هايۋانغا باغ (ياراشماس).

ياخشىلىقتىن ئۈرۈق چاچ،
يامانلىقتىن يىراق قاچ.

يامانغا يولۇقمىغۇچە، ياخشىنىڭ قەدرىگە يەتمەس.

ياخشىلىق يەردە قالماس،
يامانلىق ئەلدە (قالماس).

ياخشى ئەر ئەلگە ئورتاق،
يامان ئەر مالغا (ئورتاق).

يامانىنى ئايىساڭ ياخشىلىق يوق.

يامانىنىڭ ھەممىسى بۇزۇق بولماس،
ياخشىنىڭ ھەممىسى تۈزۈك (بولماس).

يامان ئىشەك ئىگىسىنى يىقىتار.

يامان ئاتاق بىلەن ياشىغۇچە، ياخشى ئاتاق بىلەن ئۆلگەن ياخشى.

يامان بولماق بىردەملىك،
ياخشى بولماق ئۆمۈرلۈك.

ياماندىن قاراۋۇل قويسا، ئوغرى يەتتە بولار.

يامان يولداشتىن يالغۇزلۇق ياخشى.

ياماننىڭ ئاتقىنى تەگمەس،
ئېيتقىنى كەلمەس.

ياماننى يامان دېسەڭ — ياۋ،
ياخشىنى ياخشى دېسەڭ — ياغ.

يولۋاس ئۆلسىمۇ تېرىسى ئون يىل تاراقلار.

يولدىشىڭ ياخشى بولسا سۇ ئىچىپ توق كېلەرسەن،
يولدىشىڭ يامان بولسا پولۇ يەپ ئاچ (كېلەرسەن).

يېتىمنىڭ كۆڭلىنى ئالغان —
خۇدانىڭ ئۆيىنى ئالغان.

يىگىتنىڭ يىگىتى تاشنى ئېزىپ ياغ چىقىرار،
كۆڭۈلنى ئېرىتىپ داغ (چىقىرار).

# راستچىللىق، يالغانچىلىق توغرىسىدا

ئاغزى قايماق،
كۆڭلى مايماق.

ئالدامچىنىڭ بۆكى كۆپ.

ئالدامچىنىڭ ئۇستازى تۈلكە،
خۇشامەتچىنىڭ دەسمايىسى كۈلكە.

ئەسكى جاڭگالنىڭ تۈلكىسى كۆپ،
تەخسىكەشنىڭ كۈلكىسى (كۆپ).

بىر يالغاننى ياندۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن، يۈز راستچى كېرەك.

بىرنى بىر دېگۈلۈك،
بىرنى ئىككى دېگۈچە، ئېشەك گۆشىنى يېگۈلۈك.

بورا كوچىسىدىن بورا ئالسام باغلىقى يوق،
باغ كوچىسىدىن چوكان ئالسام ياغلىقى (يوق).

بۇلاڭچى بۇلاپ يەر،
ئالدامچى سوراپ (يەر).

بۇغداي پاتمىغان ئاغزىمغا قوي بېشى پاتتى.

تۈلكە ھىيلىگەر بولسىمۇ تېرىسى دۇكاندا ئېسىقلىق.

— تۆگە كۆردۈڭمۇ؟
— ياق.

تۆھمەت تاش يارار،
بايقىمىساڭ باش (يارار).

خۇپسەننى بىلمەس دېمە، سەندىن چاققان.

خېمىرنى يايغان نوغۇچ ـ تاختا،
ئىشنى بۇزغان ھىيلە ـ ساختا.

چىرايلىقنىڭ دەردى تولا،
يالغانچىنىڭ قەرزى (تولا).

خۇشامەتچىنىڭ تەخسىسى بىللە،
ئالدامچىنىڭ ھىيلىسى (بىللە).

دەللالنىڭ دەسمايىسى — يالغانچىلىق.

دىلى بىرنىڭ تىلى بىر.

راست تۇرىدۇ كېرىلىپ،
يالغان تۇرىدۇ بىزىرىپ.

راست گەپنىڭ تاتلىقى ئاز،
يالغان گەپنىڭ ئاچچىقى (ئاز).

راست ئىش كۆمۈلمەس،
يالغان ئىش يۆگەلمەس.

راستنى ئېيتسام ئۇرىدۇ،
يالغان ئېيتسام تورىدۇ.

راست گەپنىڭ خىجالىتى يوق،
يالغانچىنىڭ ئىناۋىتى (يوق).

ساختىپەز نادانىنى تاپار،
بىلىملىكتىن قاچار.

ساختىپەزدىن قوغۇن ئالساڭ، ئۇرۇقى ساق چىقماس.

سادىق دەپ ئىسىم قويسا، «تولكە» دەپ لەقەم ئاپتۇ.

سەندە بار قارا ئېشەك ھەممە ئادەمدە بار.

سۆز تاپالمىساڭ دوستۇڭنى ماختا.

قۇشقاچ قېرىسا جاغجاغچى بولار،
جۇۋان قېرىسا يالغانچى (بولار).

قۇيرۇق كۆرستىپ ئۆپكە سېتىپتۇ.

كۆرسە يالايدۇ،
كۆرمىسە تالايدۇ.

كۆز بوياmچى تۆلكە بولۇر،
ئەل ئىچىدە كۆلكە (بولۇر).

كېپەكتە قۇۋۋەت يوق،
ئالدامچىدا ئۇيات (يوق).

مەن سۆرگەن بولاي، سەن دارقىرىغان بول.

مەن يالغانچى ئەمەس، يارىغىم يالغانچى.

ھالالدىن ھېساب،
ھارامدىن ئىنساپ.

ھىيلىگەردىن تۇخۇم ئالساڭ ئىچىدىن سېرىقى چىقماس.

ئۆينىڭ تۆرى پەگاھتىن ياخشى،
راستچىل مىسكەر زەرگەردىن (ياخشى).

ئۆرۈك نەگە بارسا مېغىزى بىللە،
يالغانچى نەگە بارسا ئېغىزى (بىللە).

ئۆلۈمنىڭ پەتىسى كۆپ،
يالغانچىنىڭ ئەتىسى (كۆپ).

ۋەدىسى يەردە،
ۋاپاسى ئەرشتە.

ئىغۋاگەرنىڭ ئۆزى يامان،
ئۆزىدىن لەۋزى يامان.

ئىككى يالغان بىر بولسا،
ئاخىرى بىرى راست چىقار.

يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام.

يالغانچىنىڭ يارىسى مىلىك،
ئالدامچىنىڭ ھىيلىسى (مىلىك).

يالغانچىنىڭ پوقىنى يېگەن ئىتمۇ قىرىق كۈن
يالغان قاۋار.

يالغان ئېيتقان تۇتۇلار،
راست گەپ قىلغان قۇتۇلار.

يالغانچىنىڭ ئۆيىنى ئوغرى ئالسا، ھېچكىم ئىشەنمەس.

يالغانچىنىڭ گۇۋاھچىسى تەييار.

يالغانچىنىڭ راست سۆزىمۇ يالغان.

يالغان گۇۋاھچى قاتىلدىن يامان.

يالغانچى ئۆلۈكنى گۇۋاھچىلىققا تارتار.
يالغانچى دوست دۈشمەندىنمۇ يامان.

يالغانچىلىقتىن گاچىلىق ياخشى.

يوق چېغىڭدا گېپىم ئەگرى ـ دوناي،
بار چېغىڭدا قوش بولۇپ قولۇڭغا قوناي.

# ئاچ كۆزلۈك: پېخسىللىق، سېخىيلىق توغرىسىدا

ئاچقا ئۆلگەننىڭ قەبرىسى يوق.

ئايالنىڭ كىيىمى پۈتمەس،
ھارۋىنىڭ جابدۇقى (پۈتمەس).

ئاچ كۆزلۈك ئەقىلدىن ئازدۇرار.

ئالغۇچە «ھەشقاللا»،
بەرگۈچە «ئەستاغپۇرۇللا».

ئالغۇچە «ياپىر»،
بەرگۈچە «كاپىر».

ئالغۇچە ئارسلان،
بەرگۈچە چاشقان.

ئاچ كۆزلۈك — بالايىئاپەتنىڭ يىلتىزى.

ئالغاندا پاتمانلاپ،
بەرگەندە مىسقاللاپ.

ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ.

ئاچ كۆز تويغىنىنى بىلمەس،
بېخىل بېيىغىنىنى (بىلمەس).

ئادەم دېگەن ناشۇكۇر،
توققا چىققۇچە ئۇشۇقۇر.

ئاچ بېلىق يەمچۇكنى قارمىقى بىلەن يۇتار.

ئاچ كۆز ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلەر.

ئاچ كۆزنىڭ كۆزى تۆت، بۇرنى سەككىز.

ئاقساق يول تالىشار،
پىخسىق پۇل (تالىشار).

ئاخۇنۇم گۆش ئالماس،
گۆش ئالسا بوش (ئالماس).

ئاغزىم تەگدى ئىشىمغا،
تەنەڭ تەگدى بېشىمغا.

ئارغامچا پۇلى تۇرۇپ، كۇلا پۇلىنى تۇتۇپتۇ.

ئاچ كۆز ئاغزىم كۆيىدۇ دېمىسە، دوزاخنى يۇتار.

ئادەم قىچقارسا بارمايمەن،
ئاش قىچقارسا قالمايمەن.

ئاچ كۆز ئىشاندىن قورقار،
بېخىل مېھماندىن (قورقار).

ئالغۇچە ئالمان، بەرگۈچە بەزگەك.

ئاچ كۆز چىشى بىلەن ئۆزىگە گۆر كولار.

ئاچ كۆز ئاچ قورساقنىڭ ھالىغا يەتمەس.

ئاچ كۆزگە ھارام يوق، خامانغا ئارام.

ئابدالنىڭ پەنجى تويماس،
ئاچ كۆزنىڭ نەپسى (تويماس).

ئاچ ئىتقا ئاش بەرسەڭ، توق ئىتقا خىرقىرار.

ئاچ كۆز دۇنياغا تويماس،
ئابدال نانغا (تويماس).

ئاچ كۆز دۇنياغا تويماس،
ئۇششۇق دەۋاغا (تويماس).

ئالغۇچە سۆزىنى كۆرۈڭ،
بەرگۈچە كۆزىنى (كۆرۈڭ).

ئاغىچا خېنىم زەللىسىگە ئىشىنەر،
قازى ئاخۇنۇم سەللىسىگە (ئىشىنەر).

ئازغا شۈكۈر قىلساڭ، كۆپى كېلەر.

ئەجەل يەتمىسە جان چىقماس،
بېخىل بايدىن نان (چىقماس).

بار دېسەڭ بارچىغا يېتەر،
يوق دېسەڭ قانچىگە (يېتەر).

بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس،
تەمەخورنىڭ ئىچى پۇشماس.

بەرمىگەنگە بېرىپ ئۆيالدۇر.

بېخىلنىڭ ئېشىدىن سېخىينىڭ مۇشتى ياخشى.

بېخىلنىڭ تۆمۈنىسى[1] تۆگە.

بېخىلنىڭ ئۆيىدە نان پادىشاھ، ئاش ئەۋلىيا.

بېخىلغا ھاجىتىڭ چۈشسە «يوق» دەيدۇ،
سېخىيغا ھاجىتىڭ چۈشسە «خوپ» (دەيدۇ).

بېخىلنىڭ بېغى كۆكەرمەس،
سېخىينىڭ بېغىغا قىش كەلمەس.

---

① تۆمۈنە ـــ چوڭ يىڭنە

بېخىل قېرىسا بىر تىيىنىنىڭ تۆشۈكىدىن قىرىق قېتىم ئۆتەر.

بېخىلغا قول بىلەن يانچۇقىنىڭ ئارىلىقى قىرىق يىللىق يول.

بېخىلغا نان دېسە، جان دەپ ئاڭلىنار.

بېخىل پىتىنىڭ ئۇچىيىگە ھېسىپ قۇيار.

بېخىلنى سېخىي ئوڭلار.

بېخىل جېنىدىن كېچەر،
مېلىدىن كەچمەس.

بېخىلنىڭ ئۆلۈكىنى ئىت يېمەس،
تىرىكىنى پىت (يېمەس).

بېخىلنىڭ ئىشىنى ئالماق —
كۆزىنىڭ يېشىنى ئالماق.

بېخىل كېپەن تاپسا ئۆلۈۋالار.

بېخىل تاشتىن ماي چىقىرار.

بېخىلنىڭ شامى ئاقسا،
كۆزىنىڭ يېشى ئاقار.

بېخىل ئالغىنىنى ئۇنتار،
سېخىي بەرگىنىنى (ئۇنتار).

بېخىل تاپسا بېسىپ يەر،
سېخىي تاپسا ئېچىپ (يەر).

بېخىلنى جەننەتكە تەكلىپ قىلسا، قوتۇر ئۆچكىسىنى يېتىلەپ كىرەر.

بېخىلنىڭ بىر چىنە شورپىسى قىرىق يىل ئېغىز كۆيدۈرەر.

بېخىل سىقىمىنىڭ ئىچىنى ئاياپدۇ، تېشىنى يالايدۇ.

بېخىل پۇلغا ئامراق،
كېپىنەك گۈلگە (ئامراق).

بېخىل سالامدىن قاچار،
پىخسىق مېھماندىن (قاچار).

بېخىل سودىگەر ئانىسىنى ساتار.

بېخىل بايدىن پۇل ئالماق،
پېتىر ناندىن قىل ئالماق.

بېخىلنىڭ ئېتى ئۇلۇغ، سۇپىرىسى قۇرۇق.

بېخىل سېخىينى كۆرەلمەس.

بېخىلنىڭ داڭقى چىقماس.

بېخىل بايدىن سېخىي گاداي ياخشى.

بېخىلنىڭ پوقىغا بىگىز ئۆتمەس.

بۇخارادىن ۋەلى كەلسە، قىرىق يىل بۇرۇن گېلى كېلەر.

بىرى پۇل يىغسا، بىرى خالتا تىكەر.

بۆرىنىڭ قېرىسىمۇ قوي يەر.

بىزنىڭكىگە بارغاندا يەپلا،
سىلەرنىڭكىگە بارغاندا گەپلا.

بۆرەك بەرسە ئابدۇل ئاخۇن،
بۆرەك بەرمىسە ئابدۇل تۇڭگان.

بۆرە تاپسا ئورتاق يەر،
قاغا تاپسا دەرەخ ئۈچىدا (يەر).

بۆرىنىڭ ئورتاق، قاغىنىڭ دەرەخ بېشىدا.

پارىخور تەمەگە ئامراق،
سارالڭ ساماغا (ئامراق).

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېشىدىن شەيتان قىزغىنىپتۇ.

پىخسىقنىڭ ئۆيى — جەھەننەم.

پۇلنىڭ كۆزى يوق،
بېخىلنىڭ يۈزى (يوق).

پاقا كۆلچەككە باقار،
تەمەخور چۆنتەككە (باقار).

توقۇمنى ئوغرىلىغان تۆگىنىمۇ ئوغرىلار.

توخۇنىڭ چۈشىگە تېرىق كىرەر.

توي دېسە ئورۇق كالا يۇگۇرۇپتۇ.

تەمەخور ھەجگە بارسا، ھېجىرنى ئېلىپ
بارار.

تاغقا چىقسام كەلمىسەم،
ئېلىۋالسام بەرمىسەم.
(ئېلىۋالسام بەرمىسەم،
چەرچەنگە كەتسەم كەلمىسەم).

تەمەخورنىڭ بۇغدىيىكى غۇرت ـ غۇرت.

تەمەخورنىڭ تاغىرى قۇرۇق.

تەمەنىڭ قوشى كامار.

تېرىمىغان كېۋەزنى باپكار تالىشىپتۇ.

تويماس كۆزنى گۆرنىڭ توپىسى تويدۇرار.

تۇتۇننى بۇلۇت كۆرمەس،
يۇندىسىنى ئىت (كۆرمەس).

تۈگۈلۈكىدىن شامال كىرمەس،
ئىشىكىدىن ئادەم (كىرمەس).

تولا يېگەن بۆرىنىڭ كۆتى قۇۋاق.

جاغدا قوغۇن جېنىگىمىدى،
بىشەكشېرىن ئېرىگىمىدى.

جاندىرىڭغا مەن تويمىدىم،
قۇرۇق پەتىگە سەن تويمىدىڭ.

خەسىسنىڭ تۈگۈلۈكىدىن يەل كىرمەس،
ئىشىكىدىن ئەل (كىرمەس).

دېڭىزنى تولدۇرغىلى بولماس،
ئاچ كۆزنى تويغۇزغىلى (بولماس).

راھمان بەرسە شەيتان قىزغىنىپتۇ.

زېمىندا زاغ كۆرمىگەن،
چۈشىدە نان (كۆرمىگەن).

سوپى سوپۇن تاپماس،
سوپۇن تاپسا يىلتىزىنى قويماس.

سۇ بەرمىگەنگە سۈت بەر.

سېخىي نان دېگۈزمەس،
بېخىل نان يېگۈزمەس.

سېخىي جەننەتتەك بولار،
بېخىل دوزاختەك (بولار).

سېخىي ئالتە چاپان كىيسە، بېخىل كالتە چاپان كىيەر.

سېخىي قاچىلاپ يەر،
بېخىل غاجىلاپ (يەر).

سېخىينى تۆرگە باشلا،
بېخىلنى گۆرگە (باشلا).

سېخىي سېخىيلىق قىلسا، بېخىلنىڭ كۆڭلى
تاراقلار.

سېمىز كالا ئورۇق كالىنىڭ كۆتىنى يالار.

سېخىي خۇداغا يېقىن،
بېخىل گۇناھقا (يېقىن).

سېنىڭ نەپسىڭ بالادۇر،
ئاخىر ئوتقا سالادۇر.

سېخىينىڭ بەرگۈسى كەلسە، بېخىلنىڭ جېنى
چىقار.

شۈكۈر قىلساڭ ماڭا، يەنە بېرەرمەن ساڭا،
شۈكۈر قىلمىساڭ ماڭا، نېمەمنى بېرەرمەن ساڭا.

غېرىبنىڭ ھالىغا غېرىب يېتەر،
بېخىل قارىماي كېتەر.

قازى پۇلغا ئامراق،
ئىت گادايغا (ئامراق).

قارنىم ئۇچۇن يىغلىمايمەن،
قەدرىم ئۇچۇن يىغلايمەن.

قارنى ياماندىن ئاش ئاشماس.

قاننىڭ قەدرىنى سالجا بىلەر،
پۇلنىڭ قەدرىنى ھاجى (بىلەر).

قانائەتسىزنىڭ ئاغزىدا ئاش، كۆزىدە ياش.

قالىمەن دېگۈچە، ئالىمەن دە !
قاۋىغان ئىتنىڭ ئاغزى سۆڭەك بىلەن بېسىقار.

قالماق ئېتى بوغۇز يېمەس، بوغۇز يېسە توۋرا[1] تېشەر.

قەلەندەرنى جەننەتكە كىر دېسە، ئېشىكنى يېتىلەپ كىرەر.

قورساقنى تويدۇرار بىر نان ئۇۋىقى،
ئاچ كۆزنى تويدۇرالماس ئالەم نېمىتى.

① توۋرا ـــ ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ تۇمشۇقىنى كىرگۈزۈپ، بېشىغا ئېسىپ، بوغۇز بېرىدىغان باغلىق خالتا.

قۇشقاچ بېرىپ، غاز سوراپتۇ.

قىزغانچۇقنىڭ ئېشى پىشماس،
ئېشى پىشسىمۇ ئوچاق بېشىدىن چۈشمەس.

قىزغانچۇقنىڭ قازىنى قايىنماس.

قىزغانچۇقنىڭ ئېشى قورساق ئاغرىتار.

قىزغانچۇقنى بېخىل دېمە،
ئېشەك سويغاننى قاسساپ (دېمە).

قىزغانچۇقنىڭ ھالۋىسىدىن قولى ئوچۇقنىڭ ئۇمىچى تاتلىق.

كۆزى كىچىكنىڭ يولى كىچىك.

كۆڭۈلنى كەڭ تۇتساڭ بارچىغا يېتەر.

كىشىنىڭ توخۇسى كىشىنىڭ كۆزىگە غاز كۆرۈنەر.

كىشىگە بەرسەم ئىسىت ئېشىم،
ئۆزۈم يېسەم سېسىق ئېشىم.

مال بەرمەك ـــ جان بەرمەك.

مەردنى مەيداندا كۆر،
سېخىينى جەننەتتە (كۆر).

مەرد يىقىتار، ئۆلتۈرمەس.

موزدۈزنىڭ كۆزى ياماقتا،
ئاچ كۆزنىڭ كۆزى تاماقتا.

موللام پۇلنى دوست تۇتماس،
قولىغا كىرگەننى بوش (تۇتماس).

موللىنىڭ دەسمايىسى جەننەت بىلەن دوزاخ،
ئوۋچىنىڭ دەسمايىسى قىلتاق بىلەن تۇزاق.

موللا ئېلىشنى بىلەر، بېرىشنى بىلمەس.

موللا بىكار، سىيا مۇت،
يول ماڭمىدۇ بىكار پۇت.

موللىنىڭ قارنى بەشتۇر،
بىرى ھەمىشەم بوشتۇر.

مۈشۈكنىڭ قېشىدا گۆش تۇرماس.

نەپسىنى قوغلىغان ئۇلتاڭ بولۇر،
نەپسىنى قوغلىمىغان سۇلتان (بولۇر).

ھاراق بېخىلنى مەرد قىلار.

ھالۋىدا تۇز بولماس،
بېخىلدا يۈز (بولماس).

ھەر كىم ھەر نېمە دەيدۇ،
مەن دېگەننى دېيەلمەس،
ئۆتكەمىدە بېرىمەن دەپ،
غەلۋىردىمۇ بېرەلمەس.

ھەسەلنىڭ قىلىنى ئايرىيدۇ،
ھۆپۆپنى يۇڭدىماي يەيدۇ.

ئوغرى مال كويىدا،
قوشنام گال (كويىدا).

ئۆيدە ئۇگرە پىشۇرمىغان تويدا پولۇ پىشۇرار.

ئۆلگەندىن ئۆپكە سوراپتۇ،
ئەسكى تامدىن قوقاق (سوراپتۇ).

ئۆزى تويسىمۇ، كۆزى تويماس.

ئۆزى كەلسە كەلسۇن،
بۆز خالتىسى كەلمىسۇن.

ۋالاقتەگكور گەپ بەرمەس،
بېخىل نەپ (بەرمەس).

ئېلىشتا ھاي ـ ھاي،
بېرىشتە ۋاي ـ ۋاي.

ئىتنىڭ كۆڭلى سۆڭەكتە.

يەپ تويمىغان يالاپ تويماس.

يوق دېسەڭ ئاتتىن چۈشۈپ ئىچەي.

يېڭى ئۆزۈننىڭ قولى توڭلىماس،
قولى ئۆزۈننىڭ كۆزى تويماس.



# مەردلىك، نامەردلىك توغرىسىدا

ئاۋۋىلىدا مىنىڭ ئىدى،
سورىۋىدىم دورا بولدى.

ئاتالمىغان ئەردىن ئاتالغان دۆڭ ياخشى.

ئەخمەق ئادەم دامخور كېلەر.

ئەركەكنىڭ دىلىدا پەردە يوق.

بار بولسا كۆرەلمەيدۇ،
يوق بولسا بېرەلمەيدۇ.

بۇزۇلغان ئىشنىڭ ئىگىسى چىقماس.

پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى.

تۇۋا قىلغانغا تىللا بەر.

تويدا ئىشتىنىنى سوراپتۇ.

چاپىنىڭنى سورىغانغا كۆڭلىكىڭنى بەر.

چىدىماسنىڭ ئۆيى نەدە؟
پايلىماسنىڭ قېشىدا.

خۇشامەتچىدىن مەرد چىقماس.

دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق.

زەھەرلىك يىلاننىڭ قورسىقى ئالا.

قاشالڭ ئات يانغاق كېلەر،
گۇمانخور ئادەم تانغاق (كېلەر).

قەلەندەر ئىتتىن قورقماس،
يالاڭ ئاياغ سۇدىن (قورقماس).

مەردنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن.

مەردنىڭ گېپى ئوڭ،
نامەردنىڭ گېپى توڭ.

مەرد ياسانچۇق كەلمەس.

مەيلى بولسا مەيخانا،
چىلىم بولسا سەيخانا.

مېنىڭ ئىدى، سېنىڭ بولدى،
بىر يۇتۇم سۇ قېنىڭ بولدى.

نامەرد ۋەدىسىدە تۇرماس.

نائەھلىگە كېپىل بولساڭ، كېپىنىڭ كۆيەر.

نامەرد قەسەمخور كېلۇر.

نامەردتىن يول سورىما،
بېخىلدىن پۇل (سورىما).

نامەردكە غالچا بولما،
خۇنپەرگە قايچا (بولما).

نامەردكە سىرداش بولغۇچە،
مەردنىڭ مۇشتىنى يە تويغۇچە.

نامەردنى ئۆلدى دېسە ئىشەن،
پەيلىدىن ياندى دېسە ئىشەنمە.

نامەردكە سوزساڭ بوينۇڭنى،
پۇچەك ياڭاققا تولدۇرار قوينۇڭنى.

نامەرد قىلىچقا دۇچ كەلسە،
ئانىسىنى ئىتتىرىپ بېرەر.

ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە،
يىڭنە سانجار كۆزىگە.

ھىيلىلىك ئىشتا خەيرلىك يوق.

ئوغۇل بالا ئوغا يەپ سىڭدۇرەر.

ئوغرىنى كۆزىدىن سىنا،
نامەردنى سۆزىدىن (سىنا).

ئوت تۇتۇنسىز بولماس،
يىگىت ئەيىبسىز (بولماس).

ئوغرى يولدا قويار،
قاراقچى چۆلدە (قويار).

ئوغۇل بالىنىڭ قورسىقىغا تاغ سىغار.

ئۆزى قىلالماس، قىلغاننى كۆرەلمەس.

ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ـــ مەردنىڭ ئىشى.

ئېتىلىپ كەلگەن بۆرىدىن،
ماراپ چىشلەر ئىت يامان.

ئىچى يامانىنىڭ كۆڭلى خۇش بولماس.

ئىتنىڭ يامىنى ماراپ چىشلەر.

ئىت قىلغاننى ئىتدارچى قىلماس.

ئىتنىڭ ئەسكىسى قاۋىماي چىشلەر.

يامان ئۆلسە يالغۇز ئۆلمەس.

ياخشى كىشىنىڭ ئاچچىقى ـــ تاۋار ياغلىق قۇرۇغۇچە.

يالغانچىلىق ـــ ئىمانسىزلىق.

ياخشى كۆنى ئىشىڭنى يەي،
يامان كۆنى بىشىڭنى (يەي).

يىقىلغان توۋا قىلماس،
توۋا قىلسا كۆڭلى قويماس.



# ئېھتىياتچانلىق، ئالدىراڭغۇلۇق توغرىسىدا

ئاۋايلاپ ئۇچمىغان قۇش قانىتىدىن ئايرىلار.

ئالدىرىغان مۇشت يەر،
تاقەت قىلغان گۆش (يەر).

ئالدىرىغان ئىشقا شەيتان ئارىلىشار.

ئالدىرىغاننىڭ ئۇشۇقى تېيىلار.

ئالدىراڭغۇلۇق ئادەم ئۆلتۈرەر.

ئاچ بۆرە ئېيىققا تاشلىنار.

ئاچچىقىڭ تۇتسا، ئەرنىڭنى چىشلە.

ئاقساق سۇنىڭ ئۇلۇغىدا ئاق.

ئالدىرىغان يولدىن ئازار.

ئاستا ماڭغان ئېشىپ كېتەر،
ئالدىرىغان يېنىپ كېتەر.

ئالدىرىمىساڭ ئىشىڭ پۈتەر،
ئالدىرىساڭ يۈزۈڭ چۈشەر.

ئات ئات بىلەن تېپىشەر،
ئاتنىڭ ئېشەك بىلەن تېپىشكىنى نەدە بار؟

ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاننىڭ ئىشى.

ئاستا يۈرگەن تاغ ئاشار،
ئالدىرىغان باغ (ئاشار).

ئاچچىق — ئەقىل چىرىغىنى ئۆچۈرەر.

ئالدىراڭغۇنىڭ ئۆپكىسى يولدا قالار.

ئالدىرىغاننىڭ بۇرنى قانار.

ئالدىرىغان نەدە كېتىۋاتىدۇ؟
ئالدىرىمىغاننىڭ كەينىدە.

ئاغزى قېشىغا كۆيۈپتۇ.

ئارسلان كۈچىگە ئىشىنەر،
تۈلكە ھىيلىسىگە (ئىشىنەر).

باسقان ئىزىڭنى بىلىپ باس،
ئالدى ـ ئارقاڭنى كۆرۈپ (باس).

باشتا بېشىڭنى ئايىساڭ،
بولماس ئىدىڭ تاز.

بولسا بولار، بولمىسا ئىز پۆلى بولار.

بىرنى سال خامارغا،
قالساڭمۇ مەيلى بالاغا.

تاي تاراقلار، ئات يورغىلار.

تامنىڭمۇ قۇلىقى بار.

تەۋەككۈلنىڭ تېگى تاش،
سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن.

تاز بولساڭ گەدەنگىچە بول.

تەلۋىدىن ساراڭ ياخشى،
قورقۇنچاقتىن قارام (ياخشى).

تېپىۋالساڭمۇ سانىۋال.

تۆت پۇتلۇق ئاتمۇ بەزىدە يىقىلار.

تۇلكىنىڭ سالامغا كېلىشى ــ يامانلىقنىڭ بېشارىتى.

تۇلپارنىڭ تۇيىقى قىزىسا، قانات چىقىرار.

تولا بولسا، پولا بولۇر.

چاپقان ئات مەنزىلگە يەتمەس،
يول نىسبىدە ھېرىپ قالۇر.

تۆگىدەك بىر ـ بىر بېسىپ،
مەنزىلگە يەتسە خوپ بولۇر.

دەريانى بۆلگەن ــ تارام،
قوشۇننى بۆلگەن ــ قارام.

دۈشمەنگە سەپەرداش بولساڭ،
ئايپالتاڭ قوينۇڭدا بولسۇن.

دۈشمەن يېرىدە ئۇخلىغان ئۆيقۇ دۈشمەن بولار.

رەمچى رەم سالار،
تىنچ كۆڭۈلگە غەم (سالار).

سەللە بىلەن يوتقانغا كىرىپتۇ.

سوراپ ياشنى تاپ،
كۆرۈپ قاشنى (تاپ).

سەۋر قىلساڭ شادلىنىسەن،
ئالدىرىساڭ ئۆكۈنىسەن.

سەۋرنىڭ مېۋىسى ئالتۇن.

سەۋر قىلغان مۇرادىغا يېتەر.

شەھەردە كۆز كېرەك،
جاڭگالدا قۇلاق (كېرەك).

شەھەر ئالـمەن دەپ شەرمەندە بوپتۇ.

قويچى كىچىك ئىزدىگۈچە،
تۆگىچى سۇدىن ئۆتۈپ بولار.

كۆزگە ئىلىنغان چوماق قاڭشارنى يارار.

كۆپ كۈلگەن — كۆپ يىغلار.

كۈتكەننىڭ ۋاقتى ئۆتمەس،
ئالدىرىغاننىڭ ئىشى پۈتمەس.

كۈندۈزى گەپ قىلساڭ تۆت ئەتراپقا باق،
كېچىسى گەپ قىلساڭ قۇلاقنى قۇلاققا ياق.

مەرتەم، مەرتەم، ئۈچ مەرتەم.

مىڭ سەرنى يوقاتقان بىر سەر.

ھەر قەدىمىڭنى بىلىپ ماڭساڭ، ئەلەم كۆرمەيسەن.

ھەر كىم قالۇر بالاغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن.

ھوشيار بولساڭ، ئاپەت كۆرمەيسەن.

ئوڭ قولۇڭنىڭ ھەرىكىتىنى سول قولۇڭغا سەزدۈرمە.

ئويلىماي ئىش قىلساڭ،
سانىماي تاياق يەيسەن.

ئويچى ئويلاپ بولغۇچە،
تەۋەككۇلچى ئىشنى پۈتتۈرۈپ بولار.

ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن،
بورىغا يۆگىنىپ بەش كۈن يېتىپتىمەن.

ئىتنى چىشلىمەس دېمە،
ئاتنى تەپمەس (دېمە).

يىلاندىن قورقۇپ كەتكەن چۈلۋۈردىنمۇ قورقار.

يىلان زەھىرى بېشىدا،
بىپەرۋانىڭ دۈشمىنى قېشىدا.



# ئاقىللىق، نادانلىق توغرىسىدا

ئالىم زالىمنىڭ قىلىچىنى سۇندۇرالايدۇ.

ئالىم بىلگىنىنى ئېيتار،
ئەخمەق يېگىنىنى (ئېيتار).

ئادەمنىڭ ساددىسىدىن ئېشەكنىڭ مادىسى ياخشى.

ئات ئېشەكنىڭ خۇيىنى ئالار،
ئېشەك ئاتنىڭ خۇيىنى ئالماس.

ئاللا قۇلى ئۆزىنى ماختار.

ئالىم بولساڭ، ئالەمنى بىلەرسەن،
زالىم بولساڭ، زارلىنىپ ئۆلەرسەن.

ئاقىل ئۆز ئىشىغا تايىنار،
ئەخمەق خىيالىغا (تايىنار).

ئاقىلغا ئىشارەت،
نادانغا جۇۋالدۇرۇز.

(ئاقىلغا ئىشارەت،
نادانغا كالتەك).

ئالىمدىن ئات قالۇر،
ناداندىن داد (قالۇر).

ئاقىل ئۆزىدىن كۆرەر،
نادان كىشىدىن (كۆرەر).

ئاسمان ئۆرۈلسە، تېگىدە مانتا يەپتۇ.

ئالتۇنغا دەسسەپ تۇخۇم ئوغرىلاپتۇ،
ئېگەرنى دەسسەپ توقۇم (ئوغرىلاپتۇ).

ئاقىلغا بىر سۆز كۇپايە.

ئاتالماسنىڭ ئوقى ئالتە غۇلاچ كېلەر.

ئادەمنىڭ جېنى چىقسا،
گالۋاڭنىڭ كۇلكىسى قىستار.

ئاختامىلىقتىن چالما تاپالماپتۇ،
غىلاڭ سايدىن تاش (تاپالماپتۇ).

ئالتۇن يەردىن چىقار،
ھېكمەت ئەلدىن (چىقار).

ئاقىللاردىن ھۆرمەت يانار،
نادانلاردىن كۇلپەت (يانار).

ئالـمىسىز ئالـەم تەتۈر چۆرگىلـەر.

ئالـمىنىڭ خېتى ئۆلـمەس،
باتۇرنىڭ ئېتى (ئۆلـمەس).

ئايغا ئېتىلغان ئارسلان ئايىغىنى سۇندۇرار.

ئاتالمىغان ئەر ئېتىدىن كۆرەر.

ئالتۇننى كۆرسە پەرىشتىمۇ يولدىن ئازار.

ئالتۇن ياتىدۇ سايدا،
تونۇمىسا نېمە پايدا.

ئاقىلنى ئاقىل بىلەر.

ئاقىل ــــ يۇرتنىڭ ئاغىسى،
ئۇستا ــــ يۇرتنىڭ چاكىرى.

ئاقىل ئويلىماي ئىش قىلماس.

ئاقىلنىڭ سۆزى ئۆمرى ئۆتكۈچە،
نادانىنىڭ سۆزى ئىشىكتىن چىققۇچە.

ئاقىل هاراق ئىچسە، بولۇر قارا،
نادان هاراق ئىچسە، بولۇر بالا.

ئاتىنىڭ ئىلمى بىلەن بىلگە بولغىلى بولماس.

ئاشقان ـ تاشقان بارات تازنىڭ.

ئاقىل ياققان چىراغنى ئەخمەق ئۆچۈرەلمەس.

ئەخمەق ئۆتۈكنى ياغلار،
ئۆتۈكى كۆتىنى (ياغلار).

ئەخمەق لاتىسىنى ماختار،
ئەقىللىق ئاتىسىنى (ماختار).

ئەخمەققە توقماق.

ئەر يىگىلىپ قولغا چۈشەر،
قۇش يىگىلىپ تورغا (چۈشەر).

ئەخمەق ئاغرىغاننى بىلمەس،
كوسا قېرىغاننى (بىلمەس).

ئەقىللىققا گەپ قىلساڭ ئاڭلىدى، بىلدى،
ئەقىلسىزگە گەپ قىلساڭ ئاڭلىدى، كۈلدى.

ئەقىللىق ئادەم پايدىسىز گەپ قىلماس.

ئەخمەقنى ئىشلىتىپ ئەقىل تاپ.

ئەقىللىقنىڭ قولى نەپسىگىنىڭ تىزگىنىنى تۇتىدۇ.

ئەقىللىق ئۆزىنى ئەيىبلەر،
نادان دوستىنى (ئەيىبلەر).

ئەقىللىقنىڭ قەدرى نادانىنىڭ يېنىدا بىلىنەر.

ئەقلى يوقنىڭ ئاچچىقى يامان.

ئەخمەقنىڭ قىلغان ئىشى تەتۈر.

ئەخمەقنىڭ چوڭ ـ كىچىكى يوق.

ئەخمەق كۈندۈزى چىراغ ياقار،
يېغى تۈگەپ كېچىسى ئايغا باقار.

ئەخمەق سودا قىلار ـــ بازار كەتكەندە.

ئەتىكى قۈيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى.

ئەقىلسىزنىڭ ئېپى يوق،
ئاڭلىغۇدەك گېپى (يوق).

ئەخمەق يېڭىلگىنىنى تۇيماس.

ئەخمەقنىڭ ئۆزى بىلمەس،
بىلگەننىڭ سۆزىگە كىرمەس.

ئەخمەق ئىشتىنىنى سېلىپ ئوسۇرار.

ئەخمەقنىڭ ئاتقان ئوقى نىشانسىز.

ئەقىللىق ئادەم تىرىشچانلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزەر،
نادان ئادەم خام خىيال بىلەن كۈن (ئۆتكۈزەر).

ئەقىللىق كۆرگىنىنى ئېيتار،
ئەخمەق ئاڭلىغىنىنى (ئېيتار).

ئەخمەق تۆرنى بەرمەس.

ئەقىللىقنىڭ ئېتى هارماس،
تونى توزۇماس.

ئەخمەقنىڭ گېپى يوغان،
دۇمباقنىڭ ئۈنى (يوغان).

بارات ئېيىدا قۇيماق يەپ،
سەپەر ئېيىدا كېكىرىپتۇ.

بالا قۇش ئۇچۇشنى بىلەر،
قونۇشنى بىلمەس.

باتۇر جەڭدە بىلىنەر،
دانا كېڭەشتە (بىلىنەر).

باي بولاي دېسەڭ ئاجىزنى بۇلا.

بېشى قىچىشسا، تاپىنىنى تاتلاپتۇ.

بېلىق تورغا ئۆز ئەركى بىلەن چۈشەر.

بىر تۇلكە يەتتە بۆرىنى يېتەكلەر.

بىرنى ئۇچ كۆردۇم،
ئۇخلىماي چۈش (كۆردۇم).

بىئەقىلگە مەنسەپ بەرسە ئىشەكنى قوشقا قېتىپ،
بۇقىنى ئۇسسۇلغا سالار.

بىلىملىك ئادەم ئويلاپ تاپار،
بىلىمسىز ئادەم كوچىلاپ (تاپار).

بىلىمسىز سۆزلەر،
بىلىملىك ئىشلەر.

بىلىملىك كىشى ئوقلانغان مىلتىق.

بىرى بار ئونغا بەرگۈسىز،
ئونى بار بىرگە ئالغۇسىز.

بۆرە ھۇۋلاپ ئۆزىنى ئاشكارىلار.

بۆك ئال دېسە، باش كېسىپتۇ.

بۇقىدىن سۈت چىقماس،
ئەخمەقتىن ئۇگۇت (چىقماس).

بۇركۇت ئۇۋىسى ئەتراپىدا ئوۋ قىلماس.

بۇرنىغا سۇ كىرمەپتۇ،
بېشىغا ئەقىل (كىرمەپتۇ).

بوياقچىنى بوياقچى دەپ قويسا، ساقىلىنى بوياپتۇ.

پاراسەتسىز پالاكەتكە يولۇقار.

پالۋان ئىتنى گالۋاڭ ئىت تالار.

پاكار ئەخمەق ئۆزىنى بالا دەر،
ئېگىز ئەخمەق ئۆزىنى ئاكا (دەر).

پەتىسى يوق چېلىشقاقنىڭ دۈمبىسى يەرگە تېگەر.

پەمى بار قەنت يەر،
پەمى يوق غەم (يەر).

پىلەككە ئالدانساڭ، خەمەكسىز قالىسەن.

پىشۇرۇپ بېرەي دېسە، خام يەپتۇ.

تازنى «بېگىم» دېگەن نادان پاخشەكنى «خېنىم» دەيدۇ.

تاغدىكى كېيىككە پۇت كۆتۈرۈپتۇ.

تادان غېمىنى ئۆزى قىلار،
نادانىنىڭ غېمىنى خۇدايىم (قىلار).

تادان ئوچاقىقا قارار،
نادان قازانغا (قارار).

تادان قىرىپ يەر،
نادان تېپىپ (يەر).

تاي باشلىغان يىلقا جۇدىمەي قالماس.

تىرىك بولۇپ ساندا يوق،
ئۆلۈك بولۇپ گۆردە (يوق).

تىرىكتىن ئۆلۈك چىقار،
ئۆلۈكتىن تىرىك (چىقار).

تىرىك نادان — ئۆلۈك،
ئۆلۈك ئالىم — تىرىك.

تۆگە مىنىپ توشقان تۇتۇپتۇ.

تۇرۇككە بىر توقماق،
موللامغا ئون (توقماق).

تويدىن كېيىن ناغرا چېلىپتۇ.

توخۇ توڭلىغانسېرى دەرەخنىڭ ئۇچىغا چىقار.

تۆگە مىنىپ تۆگە ئىزدەپتۇ.

تۆگىنى كۆرۈپ تۆگىنى كۆرمەپتۇ.

توخۇنى كۆلچەككە ھەيدەپتۇ،
ئۆردەكنى قونداقا (ھەيدەپتۇ).

توغراق ئوتۇننى ياراتماي
چاۋار تەرگەن باراتباي.

تۆگە قېرىغىنىنى بىلمەس.

تۇرغان تامغا ئۇسۇپتۇ.

تۇغۇلمىغان موزايغا قوزۇق قېقىپتۇ.

تۇغۇلمىغان تايىنى يېغىر قىپتۇ.

تۇنۇگۇن دەرەخ تىكىپ، بۈگۈن سايىداپتۇ.

توخۇنى ئۆلتۈرمىگۈچە، يولۋاسنى قورقۇتقىلى بولماس.

تەلۋىنىڭ تۆرەم بىلەن نېمە ئىشى.

تەخەي ئۇستىگە توقۇم چىقمىغۇچە، ئۆزىنى تۇلپار ھېسابلار.

جاھىللىق ــــ جان ئازابى.

جىمىغۇر ئادەم تەدبىرلىك بولۇر.

جىم تۇرسا بوش دېيسەن،
يېقىن تۇرسا پوش (دېيسەن).

چاشقان تۆشۈككە پاتمىسا،
قۇيرۇقىغا غەلۋىر باغلاپتۇ.

چىشى يوق كۆپ چاينار،
ئەقلى يوق كۆپ قاينار.

چالما دەپ تاشلىغۇەتكەننى ئالما دەپ ئالغۇچى چىقار.

چەرچەندە ئېشەك ئۆلتۈرۈپتۇ دېسە،
ئۆپكىسىنى مەن قويغان دەپتۇ.

چىقمىغان ساقالنى يۇلۇپتۇ.

چوڭ بولۇپ ئېشەك بېشى تۇتمىغان.

چۈمۈلىگە قانات چىققىنى — ئۆلۈمى يېقىنلاشقىنى.

خورجۇننىڭ ئالدىنى كۆرۈپ كەينىنى كۆرمەپتۇ.

دانا يىراقنى كۆزلەر.

دانا كىشى پىكىر قىلار،
نادان كىشى زىكىر (قىلار).

دانا قەدرىنى نادان بىلمەس،
ئاغرىق قەدرىنى ساق (بىلمەس).

دانا ئۆزىنى ئەيىبلەر،
نادان ئۆزگىنى (ئەيىبلەر).

دوزاخقا ئۆگەنگەن كىشى جەننەتكە كۆنەلمەس.

دىمىغى ئۈستۈن دالىدىدا ئۆلەر.

دىتى يوق نۆكەردىن تادان ئايال ياخشى.

زېرەكنىڭ گېپى بىر، تەدبىرى مىڭ.

ساراڭنى باخشى ئوڭلار،
نادائنى ياخشى (ئوڭلار).

ساراڭغا شوتا بەرسەڭ ئاسمانغا چىقىمەن دەر.

ساختىپەز نادائنى تاپار.

سەن كۈل دېگەننى باشقىلار گۈل دەپ ئالار.

سۈنى كۆرمەي ئۆتۈك ساپتۇ.

غاپىلنىڭ هاياتى ئۇيقۇ بىلەن خىيال.

غالجىر خۇدانى بىلمەس،
ئىت هارامنى (بىلمەس).

غۇنان گېلىغىچە سۇ كېچىپ ئۆتۈپتۇ،
ئاختامىدا يەرنى كولاپ سۇ ئىچىپتۇ.

قاغا قارلىغاچنىڭ قارىلىقىدىن كۈلەرمىش.

قاپاقنى تۆرگە چىقارساڭ، ئەۋرەزگە يۇمىلار.

قايماققا ئامراق، كالىغا ئۆچ،
خوتۇنغا ئامراق، بالىغا ئۆچ.

قايماق ئىچكەن مۈشۈكنىڭ يۈزى تۆۋەن.

قاغىنىڭ مېڭىشىنى دورايمەن دەپ، كەكلىكنىڭ چاترىقى يېرىلىپ كېتىپتۇ.

قاشاڭ ئۆردەك بوروْن ئوْچار.

قارا ئوْينى ئوْروْپ، ئاالا ئوْينى چۆچوْتوْپتوْ.

قولىدىن ئىش كەلمىگەن ئامبالغا قالپاق تىكەر.

قوْشنى يەم بىلەن ئۆگەت،
ئادەمنى پەم بىلەن (ئۆگەت).

قوْلىقىنى كېسىپ، قوڭىنى ياماپتوْ.

قىلمايدىغان گېپى يوق،
چالمايدىغان دېپى يوق.

قىرچىنتالىنىڭ ئېگىلگىنى — سوْنغىنى،
نادانىنىڭ ئوْيالغىنى — ئۆلگىنى.

كامىلنى كامىل بىلەر.

كالا ھارۋىسىدا توشقان توْتوْپتوْ.

كوچىدىن دەككە يېگەن ئەخمەق، ئۆچىنى خوتوْنىدىن ئالار.

كوچىدا يىتكەن ئېشەكنى قازناقتىكى مەستوْرىدىن
سوراپتوْ.

كۆتوْروْشنى بىلسە تاغمۇ يېنىك.

كۆپ ئويلانساڭ توغرا يول تېپىلار.

كۆن كۆرمىگەن كۆن كۆرسە كۆندۈزى چىراغ ياقار.

كىشىنى بىلگەن ئاقىل،
ئۆزىنى بىلگەن دانا.

كىشىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەن دەپ، ساقىلىنى كۆيدۈرۈپتۇ.

گەپ قىلساڭ ۋاقىلايسەن دەيدۇ،
ئىش قىلساڭ پاقىلايسەن دەيدۇ.

ماختانچاق بىلمىسىزنى دوست تۇتار.

ماختانچاق ئىش بۇزار.

ماختانچاق بىكارچىغا ئويۇنچۇق.

مالسىزلىقتىن ئاڭسىزلىق يامان.

ماڭالماس ئىتىدىن كۆرەر،
يازالماس خىتىدىن (كۆرەر).

موللىۋاي تىككەن توقۇمنىڭ ئالدى ـ كەينىنىڭ پەرقى يوق.

موزاي ئانىسىنى تونۇماس.

موللا كىشى ئالىم بولۇر،
پادىشاھ زالىم (بولۇر).

مۇزغا داراڭگا ئاتقاندەك،
هۆل تامغا ئېشەك تەپكەندەك.

نادان هودۇقسا ئەقلى دۇمبىسىگە چىقار.

نادانلىق — قاراڭغۇلۇقتىن يامان.

ناداننىڭ بەختى بىردەملىك،
خاپىلىقى داۋاملىق.

ناداننىڭ ئوبدىنى كالا،
ئەسكىسى توڭگۇز.

نادان سۆيگەننى بىلمەس،
ئەخمەق كۆيگەننى (بىلمەس).

نادانلىق نامراتلىقنى چىللار،
هۇرۇنلۇق مۇشەققەتنى (چىللار).

نادان بىلىم قەدرىگە يەتمەس.

ناداننىڭ ئەيىبىنى ئاقىل تۈزەر.

نادانغا ئېيتقان ئىسسىت سۆزۈم،
ئۆلۈككە يىغلىغان ئىسسىت كۆزۈم.

نادان يۇرتتا موللا تولا.

نادان بىلەن تەڭ بولساڭ ئېتەك ـ چۆرەڭ پوق بولۇر.

ناداننى تۆرگە تەكلىپ قىلسا، چورۇق بىلەن چىقار.

نوغۇچ بىلەن ئوت پۈۋلىسە يەل ماڭماس.

ھاڭۋاقتى ئاغزىدىكىنى ئالدۇرار.

ھارغان ئات دۆڭگە چاپار.

ھاماقەتنى ھاي دېمەڭلار، ھارغاندا توختايدۇ.

ھاماقەتنىڭ بۇرنى ساختىپەزنىڭ قارمىقىدا.

ھۆكۈم سۈرسە نادانلىق،
داناغا يوق ئامانلىق.

ھۆپۈپنىڭ بىلىدىغىنى «ھۆپۈپ».

ئوتنى يەرگە تاشلىماي، ئۆينى ئۆگزىگە تارتىپتۇ.

ئورۇقلۇقنى بىلمىگەن ئۆي تەلۋە.

ئۆتۈكنىڭ تېشىدىن قاشلاپتۇ.

ئۆچكە تۇغالمايۋېتىپ قويغا ئانا بوپتۇ.

ئۆچكىگە چىگىت بېرىپ قۇيرۇقىنى تۇتۇپتۇ.

ئۆزىنىڭ سايىسىگە ئۆزى مۈشت ئېتىپتۇ.

ئۆزىنى ماختىغان بىرىنچى ئەخمەق،
خوتۇنىنى ماختىغان ئىككىنچى (ئەخمەق).

ئۆزىنى بىلمىگەن ئۆزگىنى بىلمەس.

ئۆزىنى سورىغان يۇرت سورار.

ئۆزىدىن كۆلگەن خەقتىن كۆلمەس.

ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى بىلگەن ئەخمەق ئەمەس.

ئۆزىدىن كۆلگەن ئەخمەق ئەمەس.

ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولۇر،
تۇرۇك موللىنى كۆرسە جىم بولۇر.

ئېشەكنى ئۇرۇپ، خوتۇنىنى چۆچۈتۇپتۇ.

ئېشەكنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇنىنى قورقۇتۇپتۇ.

ئېلىپنى چوماق دەپتۇ،
نۆلنى تۇماق (دەپتۇ).

ئېگىز ئوقۇرغا بويى يەتمەي، ئېڭىكى يېغىر بوپتۇ.

ئىشتانسىزغا ئاغ زايا،
ئەقىلسىزگە جان (زايا).

ئىنەكنى تۇغدۇرۇپ سۈتىنى ئال،
نادانىنى ئىشلىتىپ كۈچىنى (ئال).

— ئىشىڭ نېمە؟
— تىكىپ - سۆكۈش.

ياخشى نىيەت دىتتىن چىقار،
يامان نىيەت دۆتتىن (چىقار)

ياماننى ياخشى قىلىش دانانىڭ ئىشى،
ياخشىنى يامان قىلىش نادانىنىڭ ئىشى.

يامان ئوغرى پاخال ئوغرىلار.

يالغانچىنى سۆزىدىن بىل،
سۆزىدىن بىلمىسەڭ كۆزىدىن بىل.

يول بىلمەسكە يول تار كېلەر،
ئۇسسۇل بىلمەسكە سورۇن (تار كېلەر).

يولىنى بىلسەڭ سۇمۇ ئۆگزىگە چىقار.

يۈگەنسىز ئاتنى پالۋان مىنمەس.

يەتتە ئۇرۇقىنى تونۇمىغان ئۇي — تەلۋە.

يەتتە ئۇرۇقىنى تونۇمىغان — قۇلدۇر،
يەتتە ئۇرۇقىنى تونۇمىغان — يېتىمدۇر.

# ئەيىب-نۇقسانلار توغرىسىدا

ئالاۋۇدۇننىڭ يار بېشىدا ئۆيى بار،
ئېيىققا ئوخشاش خۇيى بار.

ئادەمنىڭ يامىنى كېلىپ ئوتنى پۇۋلەيدۇ.

ئاختامنىڭ چالمىسى يامان،
ئادەمنىڭ لالمىسى (يامان).

ئاتنىڭ ئورۇۋسى يامان،
خوتۇن كىشىنىڭ ئوغرىسى (يامان).

ئالا توخۇ ئاسماندا ئۇچسىمۇ ئەيىبىنى ياپالماس.

ئاڭلىماي ئۆلدى،
كولىماي كۆمدى.

ئالتۇن چىش سالغان كۇلگۇنچەك كېلۇر.

ئالدىغا كەلسە چىشلەر،
كەينىگە كەلسە تېپەر.

ئادەمنىڭ يامىنى تۈگىمەس،
سامانىنىڭ توپىسى (تۈگىمەس).

ئەسكى ئۆزىنى بىلمەس،
كىشىنى كۆزىگە ئىلماس.

ئەسكى كەتمەنگە ساپ توشىماس،
نومۇسسىزغا گەپ (توشىماس).

ئەيىبلىك بولۇشتىن ئەيىبنى تۈزەتمەسلىك يامان.

ئەمانى يىتىلەش ئوڭاي.

ئەمدى چۈشكەن پىدىگەن لەڭمەن ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ.

ئەسكى بىلەن ئىلىشساڭ ئىسىڭ كېتەر.

ئەجىلى يەتكەن بىر ئۆلەر،
ئابرۇيى كەتكەن مىڭ (ئۆلەر).

ئەخمەققە ئات بەرسە، مىنىپ ئۆلتۈرەر.

ئەگرى كۆڭۈلدە ئەگمە تولا.

ئەل تويغا بارسا، يامان قويغا بارار.

بىغەرەزدىن دوزاخ قاچار،
تەلۋىدىن جىن (قاچار).

بىغەرەزنىڭ دۆلىتى چوڭ يولدا خورەك تارتار.

بەتنىيەتنىڭ يولى تار.

بىغەرەز پادىشاھتىن چوڭ.

بۆرە قېرىسىمۇ خۇيى قېرىماس.

بۇقا ھەيۋە قىلار،
ئۇششۇق غەلۋە (قىلار).

بىر خوتۇننىڭ ھىيلىسى قىرىق ئەرنىڭ ھىيلىسىدىن يامان.

بىشەم خوتۇن بازارنى بېشىغا كىيەر.

بىكارغا زەھەر بەرسە يەپ ئۆلۈۋاپتۇ.

بىر قېرىن ياغنى بىر تال ماياق سېسىتار.

بورىچى ھالۋىچى بولسا، كۆزىنى چاپاق باسار.

پادىشاھ ئالما يەيمەن دېسە، ۋەزىرلىرى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ كەپتۇ.

پارا يەپ بەگ سەمرەر،
سۆڭەك يەپ ئىت (سەمرەر).

پاشىنىڭ قوڭى يوق،
مەستنىڭ ئوڭى يوق.

پاشىدىن پاتاڭ ئايرىپتۇ.

پوقاققا ياقا ياراشماس.

پالچى ــ ئالداپ يېگۈچى،
غالچا ــ ماختاپ (يېگۈچى).

پاڭقايغا سالام بەرسەڭ، «ئاناڭنىڭ بېشى» دەر !

پادىنى بۆزغان شاتراق موزاي.

پىتنىخورغا بازار كاسات.

پىتنىخور ــ شەيتاننىڭ شېرىكى.

پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا ساپتۇ.

پىتنىخورنىڭ سۆزى يامان،
سۆزىدىنمۇ ئۆزى (يامان).

پوقاققا غەزەلنىڭ نېمە ئىشى،
توكۇرغا ئۇسسۇلنىڭ (نېمە ئىشى).

تازغا تارغاق بەرسە يېلىم تالىشار.

تازنىڭ تارغىقى يوق،
كەمبەغەلنىڭ باغىقى (يوق).

تازغا تاڭ ئاتمايدۇ، مەرەزدارغا كۈن يوق.

تاغقا بوران كار قىلماس،
قىلىنغا گەپ (كار قىلماس).

تازنى تاز دېسە ئۆلگۈسى كېلەر،
ساقنى تاز دېسە كۈلگۈسى (كېلەر).

تاغ يۆتكەلسە يۆتكىلەر، خۇي يۆتكەلمەس.

تاپىنىڭغا تىكەن كىرسە، خۇي - پەيلىڭدىن كۆر.

تايغانىنىڭ يۇگۇرگىنىنى تۈلكە ياخشى كۆرمەس.

تەلۋىگە توقماق توقۇز،
ساراڭغا چوماق ئوتتۇز.

تەلۋە بار يەردە غەلۋە بار.

تەلۋە ئات مىنسە تەڭرىنى تونۇماس.

تەلۋە تەپسە زەنجىرنى ئۈزەر.

تەخسىكەش داپ چالار،
داپتىن كېيىن نەپ ئالار.

تەلۋە تۆرنى بەرمەس،
ساراڭ يولنى (بەرمەس).

توكۇرنىڭ مېڭىشى تولا،
گاچىنىڭ گېپى (تولا).

تاز تازنى كۆرسە بېشى قىچىشار،
باجا باجىنى كۆرسە كۆتى (قىچىشار).

تۇرۇك دۆڭگە سىيەر،
موللام كۆلگە (سىيەر).

تىلەمچىنىڭ خالتىسى تولسىمۇ كۆزى تويماس.

تېگى پەسنىڭ زېدى پەس،
زېدى پەسنىڭ كۆنى (پەس).

تېرىككەك تېرىكىپ ئۆلەر،
زېرىككەك زېرىكىپ (ئۆلەر).

توكۇرنىڭ مېڭىشى تولا،
گاچىنىڭ گېپى (تولا).

تۆمۈر ئىشتاندا ئۇسۇرسا بۇخاراغا ئاڭلىنىپتۇ.

تۆگە تاشقىدىن يامانلاپتۇ.

توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپتۇ.

توزغا كۆنگەن ئىت قوپارغۇ ئاستىدا ئۆلەر.

جالاپقا تۇمارنىڭ نېمە ئىشى،
گاچىغا خۇمارنىڭ (نېمە ئىشى).

جاھىلنىڭ راھىتى يوق،
بېخىلنىڭ ساخاۋىتى (يوق).

جەددالنىڭ توقۇمى پۈتمەس.

چاقماق ئەگرى چاقىدۇ،
نادانغا ماختاش ياقىدۇ.

چۆپنى يېگەنمۇ ئوغرى،
سۈينى ئىچكەنمۇ ئوغرى.

چوقۇر دېمەڭلار چېچەكنىڭ ئىزى،
گاچا دېمەڭلار، كېكەچنىڭ قىزى.

چىۋىن يارىغا ئامراق،
ئاچ كۆز پارىغا (ئامراق).

خالادا ئەيىب بولمىغان ئىش خاماندا ئەيىب.

خۇشامەتچى تۆھمەتكە ئامراق،
دامخور ھەشەمەتكە (ئامراق).

خۇشامەتچىنىڭ بازىرى كاساتلاشسا، سۆڭەك غاجىلار.

خوتۇن كىشىنىڭ ھىيلىسى يامان،
ھەسەتخورنىڭ گېپى (يامان).

خۇشامەتچىنىڭ ئاغزى يۇندى يۇقى.

خوتۇننىڭ مىكرى شەيتانغا دەرس.

خوتۇن كىشىنىڭ ئەسكىسى —
قانجۇق ئىتىنىڭ كاسكىسى.

دەللالنىڭ دەسمايىسى يالغانچىلىق،
تاپار پايدىسى رەسۋاچىلىق.

دوك گۆرگە كىرگەندە تۈزىلەر.

دورامچىنىڭ ئاغزى پۇچۇق.

دۇنياخور سىرتماقچى بولۇر،
ھەسەتخور قىلتاقچى (بولۇر).

دۇنياخور دۇنياغا دۇم چۈشەر.

رودۇپاي كالتەكتىن قورقار.

زېدى يامانىنىڭ گېپى يامان.

زىنا قىلاي دېسە، ئېشەك تېزىكى دالدا بولۇر.

زىناخورلۇق يەرگە قارىتار.

ساختىلىقتا جان باققان،
ئۆز يولىغا مىخ قاققان.

ساق بىر كۆلەر،
سارالڭ ئىككى (كۆلەر).

سارائڭنىڭ يېمەيدىغىنى يوق،
چېقىمچىنىڭ دېمەيدىغىنى (يوق).

ساپ ئادەم ھەقنى سۆزلەر،
ناباب ئادەم نەپنى كۆزلەر.

سېغىنزخان سېغىنزغا ئامراق،
چىۋىن يىرىڭغا (ئامراق).

سۆزمەن سالادا ياخشى،
يۈزى قېلىن ئالاردا (ياخشى).

سوقۇشقاقتا بىر ئېرىقتىن قان ئاقسا،
بىر ئېرىقتىن ياغ ئاقار.

سىيىر سىياق ئۆكۈزدە قۇۋۋەت يوق،
ئەر سىياق خوتۇندا ئۇيات (يوق).

سېھىرگەر سىرىنى يوشۇرالماس،
پۇچۇق بۇرنىنى (يوشۇرالماس).

سوقۇشقاق خوراز سەمرىمەس.

شامالدا ئىز يوق،
تۆھمەتخوردا يۈز (يوق).

شەيتاننىڭ بىر كۆزى يوق.

غەيۋەت ياخشىنى يات قىلۇر،
يېقىنلىرىنى ئاز (قىلۇر).

غەيۋەتخور تىلىدىن تۇتۇلار،
پارىخور گېلىدىن (تۇتۇلار).

غەر غەرەزچى كېلۇر،
ئوغرى ئاسماقچى (كېلۇر).

غېمى يوق ئىنسان بولماس،
ئەيىبى يوق هايۋان (بولماس).

قاۋان قارلىقتا ئۆلەر،
يامان خارلىقتا (ئۆلەر).

قارنى يامان هېيىتتا ئۆلەر.

قارىغۇ تۇتقىنىنى قويماس،
گاس ئاڭلىغىنىنى (قويماس).

قارنى ياماندىن ئاش ئاشماس.

قاسساپقا پۇل بېرىپ، ناۋايغا قاراپتۇ.

قوغۇنلۇقتا شۇمبۇيا ئۇنسە، ھەسەتخورنىڭ كۆلگۈسى كېلەر.

قەيەردە كۆپ غۇلغۇلا،
شۇ يەردە ئوغرى تولا.

قوينۇم ئوغرى — قونچۇم ئوغرى.

قوتۇر ئوغلاق شوراشقا ئامراق،
كۆزى كىچىك كولاشقا (ئامراق).

قۇشقاچ كامادا،
ئاچ كۆز تەمەدە.

قۇۋلۇقتىن شۇملۇق چىقار.

قىرىغاندا قىرى تاتۇق،
قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق.

قىڭغىر كۆڭۈل قىڭغىر يولغا باشلار.

قىزغانچۇقنىڭكىنى ئىت يەر.

قىڭغىر كۆڭۈلدە قىيسىق خىيال.

قىزغانچۇقنىڭ ئىشى قورساق ئاغرىتار.

قىمارۋازنىڭ قەرزى تولا،
تۆھمەتخورنىڭ ئەرزى (تولا).

كانتۇ كۈپكە قارار،
مانتىچى كۆپكە (قارار).

كالاڭ هارۋا يول بۇزار،
يامان ئادەم يۇرت (بۇزار).

كالانپاي ئىش ئىلغار،
پوقى چوڭ نان (ئىلغار).

كۆڭلى تارنىڭ ئۆزى خار.

كۆڭلى بۇزۇق باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەر.

كۆڭلى قارىنىڭ ئىچى تار.

كۆرۈشكۈچە كۆزلىرى تۆت بولۇپتۇ،
كۆرۈشكەندە يۈزلىرى كۆت (بولۇپتۇ).

كۇچۇكۇم دېسە سۇيدۇكىنى چاچار.

كۇچۇكۇم – كۇچۇكۇم دېسە،
چۇلدىرىنى چىقىرىپتۇ.

كىشىنىڭ تۈگمىدەك ئەيىبى كۆرۈنەر،
ئۆزىنىڭ تۆگىدەك ئەيىبى كۆرۈنمەس.

گاچا قالماقتىن يامان،
بۇقا توڭگۇزدىن (يامان).

گاس سازغا قارىماس،
نائىنساپ ئازغا (قارىماس).

مانتا كۆرمىگەن ئابدال قاسقانغا دۇم چۈشەر.

ماختانغان مالخايغا چىچار.

مايماق ئېشەك قېچىر تەخەيلەپتۇ.

ماقۇلچىدىن خۇدا بىزار.

مەست تالادا،
باللىرى بالادا.

مەن ياراتمايمەن كۆتۈمنى ئاستىمغا باسۇرۇپ،
كۆتۈم ياراتمايدۇ مېنى توختىماي ئوسۇرۇپ.

مەست هاراقتا دوست،
دۇمبىسى تاياقتا (دوست).

موللا مال ئېتەر،
ئوغرى يوق (ئېتەر).

موللامنىڭ ئاغزى دۇئادا، كۆڭلى تەمەدە.

مۇشۇكنى ئەتىۋارلىساڭ تۇزۇڭغا سىيەر.

مىتە ئاشنى بۇزار،
پىتنە يۇرتنى (بۇزار).

نادانىنىڭ توقمىقى قېشىدا.

ناسۋالچى قېرىسا قاپاق ئاسىدۇ،
بەڭگى قېرىسا چاپاق باسىدۇ.

نەپسخور پەس بولۇر،
تەمەگەر گاس (بولۇر).

نەپسى يامان يەپ تويماس،
ئاغزى يامان دەپ (تويماس).

هاياسىز دوستلۇققا يارىماس.

هاياسى يوق يىگىت — تۇڭلۇكى يوق ئۆي.

هاراقكەشكە يول تار كەلمەس،
يۈزسىزگە گەپ ئار (كەلمەس).

هايا يوقتا ئىمان يوق.

هارۋا ماڭغان يول تار بولماس،
يۈزى قېلىنغا گەپ ئار (بولماس).

ھەسەتخورنىڭ دىلى قارا،
قەسەمخورنىڭ يۈزى (قارا).

ھەسەتخورنىڭ قورسىقى تار،
شۇڭا دائىم ئىچتىن خار.

ھەسەتخورنىڭ ئىززىتى يوق،
نەپسخورنىڭ دوستى (يوق).

ھۇرۇنغا جەننەتمۇ دوزاخ.

ھېجىقىز توۋا قىلماس،
توۋا قىلسا قوڭى قويماس.

ئوغرى ئۆلگۈچە مەن ئاق دەر.

ئوغرى گۇمانخور كېلۇر،
جالاپ تەمەخور (كېلۇر).

ئون ساراڭدىن بىر تەلۋە يامان.

ئوغرىلىق پەسنىڭ ئىشى،
زىناخورلۇق نەسنىڭ (ئىشى).

ئوغرىنىڭ كۆزى كېچىسى كۆرەر.

ئوسۇرۇقنى يۆتەلدە يوشۇرۇپتۇ.

ئوغرى توۋا قىلسا كۆڭلى ئۇنىماس.

ئوغرىنىڭ دوستى يانچۇقچى.

ئورۇق ئاتنىڭ يورغىسىدىن خوتۇن كىشىنىڭ يورغىسى يامان.

ئون تەقۋادىن بىر ئالىم ئۇلۇغ.

ئوغرى گۇمانخور،
جالاپ زىناخور.

ئوغرى مال تاپالمىسا، ئاتىسىنىڭ ئىشتىنىنى ئوغرىلار.

ئوغرى گۇمانخور،
قازى تەمەخور.

ئوغرى ئوغرىلاشقا بىر نەرسە تاپالمىسا، ئۆزىنىڭ بۆكىنى ئوغرىلار.

ئوغرى بېيىماس،
تەمەخور قېرىماس.

ئۇستىخان يېگەن ئىتنىڭ خۇيى ئۆلگۇچە قالماس.

ئۇياتسىز مۇشۇككە قازناقنىڭ ئىشىكى ئوچۇق.

ئۇرۇشقاق سايىسى بىلەنمۇ ئۇرۇشار.

ئۇسسۇلنى باشلار داپچى،
جېدەلنى باشلار لاپچى.

ئۇسسۇل ئوينىيالمىغان قىزغا يەر تارچىلىق قىلار.

ئۆمۈچۈك ئۆمىلىگەننى كۆرەلمەس.

ئۆردەك كۆتىنى سىپىق دېمەي، كۆلنى سىپىق دەر.

ئۆزىنىڭ ئەيىبى ئۆزىگە بىلىنمەس،
دۇمبىدىكى داغ كۆزگە كۆرۈنمەس.

«ئۆھۆ» بالدۇر، «كورت» كېيىن.

ئۆزىنى تونۇغان خۇدانى تونۇر.

ئۆلمىسە بولىدۇ تىرىك،
ئوغرىغا جالاپ شېرىك.

ۋىجدانسىزدىن ئىت ياخشى،
پارىخوردىن پىت ياخشى.

ئېشەك ئۆزىنىڭ ئېشەكلىكىنى بىلمەس.

ئېشەك مىنگەننىڭ پۇتى تىنماس،
ئىچى يامانىنىڭ كۆڭلى (تىنماس).

ئېشەكنى ئىززەت قىلسا ئوقۇرىغا تېزەكلەر.

ئېشەككە بىلىپ مۇڭگۇز بەرمەپتۇ،
پاقىغا قۇيرۇق (بەرمەپتۇ).

ئىتنىڭ ئەسكىسى پاچاقچى،
ئادەمنىڭ ئەسكىسى يالاقچى.

ئىت ئېتەكتىن ئالار،
خوتۇن ياقىدىن (ئالار).

ئىت ئىتلىقىنى قىلمىسا، كۆڭلى تىنماس.

ئىززىتىنى بىلمىگەن كىشى ئىززەت قىلىشنى بىلمەس.

ئىززىتىنى بىلمىگەن ئەدىپىنى يەر.

ئىنساپسىزدىن جىن قورقار.

ئىنساپسىزدىن ئىت قورقار.

ئىنەك ھەلەپكە ئامراق،
تۇل خوتۇن غەيۋەتكە (ئامراق).

ئىش قىيىن كەلسە، كەتمەننىڭ سېپى سۇنۇپتۇ.

ئىچى تارنىڭ گۆرى تار.

ئىللىتى بارنىڭ تۇيىقى سىرقىرار.

ئىزا ئىشتىكىنىم — غىزا يېگىنىم،
دەشنام يېگىنىم — بەش نان يېگىنىم.

ئىلگىرى باغدادتىن كەلسە، ھازىر قازناقتىن چىقار.

ئىچى تارنىڭ قورسىقىغا تېرىق پاتماس.

يامانىنىڭ يېگى تۇرۇكلۇك، پېشى قىستۇرۇقلۇق بولار.

يالغانچى پۇل تاپقۇچە،
ئالدامچى ئالتۇن تاپار.

يالغانچىنىڭ ئەتىسى تۆگمەس،
موللىنىڭ پەتىسى (تۆگمەس).

يالغانچىنىڭ ئەتىسى تۆگمەس،
مەككارنىڭ ھىيلىسى (تۆگمەس).

يالاقچى يالاپ تويماس،
غالچا غاجىلاپ (تويماس).

ياخشى كۆرگەننى سۆزلەر،
ئەسكى يېگەننى (سۆزلەر).

يامانىنىڭ گېپى يامان،
ئەسكى چاپانىنىڭ پىتى (يامان).

ياسانچۇق مەردانە بولماس.

يامان ئاتلىق يېرىم ئۆلۈك.

يالغانچى يالجىماس،
ئوغرى بېيىماس.

يارىنىڭ باشلىنىشى دانىخورەك،
ئوغرىلىقنىڭ باشلىنىشى سويما ـ خەمەك.
يامان ئىت نەگە بارسا تاياق يەر.

يەتكەنگە تۆكۈرۈكنى چاچرىتىپتۇ،
يەتمىگەنگە سۆيدۈكنى (چاچرىتىپتۇ).

يەپ تويمىغان يالاپ تويماس.

يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى — جېنىمنىڭ راھىتى.

يۈزى يوقنىڭ خۇدايى ھازىر.

يۈزى قېلىن بۆيرۈمىغان رىزقىنى يەر.

يېقىنى يان باسار،
ئوغرىنى دام (باسار).

يىقىلغان چېلىشقا تويماس،
بەتنىيەت خۇينى قويماس.



## ئۆملۈك-ئىناقلىق توغرىسىدا

ئايرىلغاننى ئېيىق يەر،
بۆلۈنگەننى بۆرە (يەر).

ئاتامدا بولغۇچە ئالىقىنىمدا بولسىچۇ،
ئالىقىنىمدا بولغۇچە ئاغزىمدا بولسىچۇ.

ئاققان دەريا دېڭىزغا قۇيۇلار.

ئايرىلغاننى قار باسار،
بۆلۈنگەننى بوران (باسار).

ئايغىر ئۈيۈرىنى تاشلىماس.

ئات بىلەن تېپىشكەن تاينىڭ تۇيىقى سۇنار.

ئاخىرەت ئىززىتى كېرەك بولسا، ئەل بىلەن كېڭەش قىل.

ئايرىلغاننىڭ ئەيىبى بار،
بىرلەشكەننىڭ كۈچى (بار).

ئارىنى بۆلگەن يالغۇز قالار.

ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر.

ئادەم كۆپ بىلەن ياشار،
مال چۆپ بىلەن (ياشار).

ئاتنى ئات ساقلار،
ئاچنى ئاچ (ساقلار).

ئايرىلغان غاز توپ قاغىغا يەم بولار.

ئاچ قالساڭ قال، كۆپتىن قالما.

ئەل قۇدرىتى ئەلچە بار.

ئاۋارە بولدى يەككە،
ئەلدىن ئايرىلىپ قالدى دەردكە.

ئالدى ئات كۈچىسە، ئىچ ئات كۈچىمەس.

ئادەمگە ئادەم كېرەك.

ئاق قۇ يالغۇز ياشىماس.

ئازنىڭ ئەزانچىسى بولغۇچە،
كۆپنىڭ قازانچىسى بول.

ئالتۇن بولسىمۇ مونچاققا ئېھتىياج چۈشەر.

ئادەمگە يېگانىلىك ياراشماس.

ئەلدىن قالغان ئەر ئەمەس.

ئەرنىڭ ياخشىسى ئەل بىلەن كېڭەشەر،
خوتۇننىڭ ياخشىسى ئەر بىلەن (كېڭەشەر).

ئەل بىلەن ئايرىلاشمىغان ئادەم هايۋان بولۇر.

ئەل غېمىدىن ئەر قاچسا،
ئەر غېمىدىن ئەل قاچار.

ئەل قاقشىسا سېنىڭدىن،
ئايرىلىسەن جېنىڭدىن.

ئەلگە ياققىنىڭ — خۇداغا ياققىنىڭ.

ئەلدىن ئايرىلغان دوزاخ تۇۋىدە.

ئەقىللىق ئەلدىن ئايرىلماس.

ئەلگە قوشۇلغان ماي يۇتار،
ئەلدىن ئايرىلغان قان (يۇتار).

ئەل يىغىلسا لەشكەر بولۇر.

ئەل بالىسى — خان بالىسى.

ئەلگە ياققان ئەرگە ياقار.

ئەل ئۆم بولسا ئايماق بولۇر،
سيير سېمىز بولسا قايماق (بولۇر).

ئەلنى كېلىشتۈرگۈچى، چاپانغا تۇگمە قادىغۇچى.

ئەلگە تېرىساڭ ئەللىك چىقىپتۇ،
يەككە تېرىساڭ يەللىك (چىقىپتۇ).

ئەر بەرگەندە دوستۇڭ بولسۇن،
يەر بەرگەندە قوشۇڭ (بولسۇن).

ئەلنىڭ ئەقلى شەكسىز،
كۆچى چەكسىز.

ئەل ئىشىغا ئېرىنمە،
مىننەت قىلىپ كېرىلمە.

ئەل بىرلىكى سائادەت.

ئەلنىڭ ئىشى ئەرنىڭ بويىنىدا،
ئەرنىڭ ئىشى ئەلنىڭ قوينىدا.

ئەل چۈشكۈرسە بوران چىقار.

ئەلگە ياققان خار ئەمەس.

ئەلگە قوشۇلغان ھۆر ئۆتەر،
ئەلدىن ئايرىلغاننى يەر يۇتار.

بار قىلسىمۇ ئەل قىلار،
يوق قىلسىمۇ ئەل قىلار.

باتۇر ئەلدىن ئايرىلماس.

باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە،
قول سۇنسا يەڭ (ئىچىدە).

بايتالنىڭ يامىنى ئىككى ئايغىرنى تېپىشتۇرار.

بايتال تارتسا ئايغىر تارتماس،
ئايغىر تارتسا بايتال (تارتماس).

بەش بارماق بىرىكمىسە ئورغاقنى تۇتقىلى بولماس.

بۇلبۇل گۇللۇكتە ياشنار،
ئەل ئۆملۈكتە (ياشنار).

بۆرە يىغلىسىپ مىڭ بولماس.

بۆرە بۆرىنى يېمەس.

بىر يەڭدىن قول چىقارسا، تاغنىمۇ يۆتكىگىلى بولار.

بىر ئىت قاۋىسا ھەممە ئىت تەڭ قاۋار.

بىر قولدىن چاۋاك چىقماس،
پۇختا ئىشتىن كاۋاك (چىقماس).

بىر قاشاغا ئۈچ تىرەك،
بىر ئەزىمەتكە ئۈچ يۆلەك.

بىرى ئىشلەر، ئونى چىشلەر.

بىرى ياققان ئوت مىڭ كىشىنى ئىسسىتار.

بىرى چوقۇسا، بىرى نوقۇر.

بىرنىڭ كاساپىتى مىڭغا (تېگەر).

بىرلىك بار يەردە بەرىكەت كۆپ.

بىر ياقىدىن باش چىقار،
بىر يەڭدىن قول (چىقار).

بىردىن ئىككى ياخشى،
ئىككىدىن ئۈچ (ياخشى).

بىر تال تۇۋرۇك ئۆگزىنى كۆتۈرەلمەس.

بىرلەشكەن ئەل — ئوقچۇپ كەلگەن سەل.

بىرلەشكەن دەريا بولۇر،
بىرلەشمىگەن تېرىق (بولۇر).

بىرلىكسىز كۈچ بولماس.

بىر قول — بىر قول،
ئىككى قول — ئىككى (قول).

بىرلىك بولمىسا تىرىكلىك بولماس.

بىرلىك نەدە بولسا، ئامانلىق شۇ يەردە بولۇر.

پۇت پۇتقا باقار،
قول قولغا باقار.

تايانغىلى يۇرت ياخشى،
ئىسسىنغىلى ئوت (ياخشى).

تاقتاق بولساڭ تاق ئۆتەرسەن.

تەگمىگەن كۆپكە،
كۆپ ئېغىتار چۆپكە.

تەڭ كۆتۈرگەن يۈك يېنىك.

تىل بىرلىكىنى كۈتمە،
دىل بىرلىكىنى كۈت.

تەڭلىك ـــ كەڭلىك.

تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر،
يالغۇز يېگەن يەرگە (سىڭەر).

توپتىن ئايرىلغان تورغا چۈشەر.

توپ بولغان توق بولار.

توپ توپقا يىقىلار،
يالغۇز خەندەككە (يىقىلار).

توپتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەر.

توپ ئىتىنىڭ قۇيرۇقى دىڭ.

توپنى ئۆرلەتكەن يەل.

توپتىن ئايرىلغان توشقان چوماقنىڭ يوغىنىغا ئۇچرار.

تۆت كىشى تۇگەل بولسا، تاشتىن گۈل ئۈندۈرەر.

تۇرغانغا تۇۋرۇك بول،
ماڭغانغا كۆۋرۈك (بول).

تۇۋلىغاننىڭ تورى بار،
ئايرىلغاننىڭ شورى (بار).

تۆمۈرمۇ تۆمۈر، سەندەلمۇ تۆمۈر.

تۇۋلۇكنىڭ سىردىشى قازان.

تىرناق گۆشتىن ئايرىلماس.

جاهاندا بار بولسا، يارغا يار بول.

چاندىر تارتمىنىڭ پاتمىنىنى ئات بىلەر،
ئەر يىگىتنىڭ قەدرىنى يۇرت (بىلەر).

چوڭ ئىرىققا سۇ كەلسە، كىچىك ئېرىق قۇرۇماس.

چۇمۇلە بىرلەشسە، شىرنىڭ تېرىسىنى شىلىۋالار.

چۇجىسى جىق مېكيان خورازدىن قورقماس.

چىش تىلنى چىشلىسىمۇ تىلدىن ئايرىلالماس.

چېكىشمىگۈچە بېكىشمەس.

چىت بۇزۇلسا ئىت كىرەر.

دوستۇڭ ئۈچۈن قان يۇت.

دوستى كۆپنى ياۋ يېڭەلمەس،
ئەقلى كۆپنى داۋ (يېڭەلمەس).

دۆۋە دۆۋىگە قوشۇلار.

دىل ئازاردىن خۇدا بىزار.

دىلى بىرنىڭ ئىشى بىر.

دىلى بىرنىڭ مۇڭى بىر.

دىلى بىرنىڭ تىلى بىر،
پىتنىخورنىڭ كۆڭلى كىر.

روناق تاپىدىغان ئەل بىر ـ بىرىنى باتۇرۇم، دەر.

ساداقەتتىن ئىناقلىق كېلەر،
ساختىلىقتىن يىراقلىق (كېلەر).

ساقلىق جان راھىتى،
ئىناقلىق كۆڭۈل (راھىتى).

ساياق يۈرگەن تاياق يەر.

سەنلىسە سىزلە،
تاشلىسا ئىزدە.

سەپسىز كەلگەن سىيرىلەر،
سەپلىك كەلگەن كېرىلەر.

سوغا قانمىسا چۆل غېرىب،
غاز ـ ئۆردەك قونمىسا كۆل (غېرىب).

سۈنىڭ ئېقىشىغا قارا،
ئەلنىڭ بېقىشىغا (قارا).

سۈرەن چىقسا توغقان تەۋرەر،
يىغا چىقسا ئەل (تەۋرەر).

سىقىمداپ ئۈن يىغساڭ بارچىغا يېتەر.

شاپتۇل يېسەڭ سويۇپ يە، كېسەل بولمايسەن،
سەپتە ماڭساڭ تۈزۈك ماڭ، كېيىن قالمايسەن.

شامال يالغۇز دەرەخكە تېگەر.

شورتاڭ يەردىن ئاشلىق چىقماس،
پىتنە كۆپ يەردىن باشلىق (چىقماس).

غاز سۇدا باتۇر،
ئەر ئەلدە (باتۇر).

غېمى بىرنىڭ جېنى بىر.

قارلىغاچ بالىسىنى يىغىپ ئۇچۇرار.

قاراقچى توپتىن ئايرىلغاننى سانجۇر.

قاياشنىڭ ئەل بولسا، قارا يەردە كېمەڭ قاتنار.

قولى سۇنۇقنىڭ دەردىگە قولى سۇنۇق يېتەر.

قول تۇتۇشقان ئاجىز ئەمەس.

قۇش ئۇيۇشسا زىيان يېتەر،
ئادەم ئۇيۇشسا زىيان يەتمەس.

قۇم يىغىلسا تاش بولۇر،
قۇل يىغىلسا باش (بولۇر).

قوناقسىز ئات قىر ئاشالماس،
سەپسىز پالۋان سەپ يارالماس.

قوغۇننىڭ ئىچىدىن ئاردىغىنى يامان.

قۇم تەۋرىسە يەرگە پاتار،
دۇم تەۋرىسە نەگە (پاتار).

قۇم يىغىلسا تاغ بولۇر،
ئەل يىغىلسا باغ (بولۇر).

قوغۇن ئىچىدىن سىپسىيدۇ.

قوتاندىن قاڭقىغان قوي بۆرىگە ئۇچرار.

قىرىق كىشى بىر ياق،
قىڭغىر كىشى بىر ياق.

قارلىغاچ بالىسىغا يەم بېرەر،
قېرىنداش قېرىنداشقا جان (بېرەر).

قېرىنداش يىقىلسا يۆلىگىن،
ئۆتنە ئالغاننى تۆلىگىن.

قىتىغۇرنىڭ يېنىدا ئادەم تۇرماس،
سۇزۇك سۇدا بېلىق (تۇرماس).

كەڭ بولساڭ كەم بولمايسەن.

كۆپنىڭ غەيرىتى تاغنى قۇم قىلار.

كۆپ تۇكۇرسە كۆل تولار.

كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ.

كۆپنى سۆككەن كۆكەرمەس.

كۆپنىڭ رىزقىغا قول سوزغان ئۆز رىزقىدىن ئايرىلار.

كۆپچىلىك بىر بۇردىدىن بەرسە تويدۇرار،
بىر مۇشتتىن ئۇرسا ئۆلتۈرەر.

كۆپنىڭ قولى كۆككە يېتەر.

كۆپنىڭ كۈچى كۆككە يەتكۈزەر.

كۆپكە كەلگەن ئىزامۇ توي.

كۆپكە خاننىڭمۇ كۈچى يەتمەس.

كۆپ بىلسەڭمۇ كۆپچىلىكتەك بىلەرسەن.

كۆپنىڭ كۈچى تاغ كۆتۈرەر.

كۆپنىڭ مىلىنى ئوغرى ئالماس.

كۆككە باقماي كۆپكە باق.

كۆپنىڭ كۈچىگە تاغمۇ تەڭ كەلمەس.

كۆپچىلىكتىن قاچقان قۇتۇلالماس.

كۆپ بىلەن ماڭساڭ كۆپ يۈرەرسەن،
يالغۇز ماڭساڭ كۈن يۈرەرسەن.

كۆپتىن توشقان قېچىپ قۇتۇلالماس.

كۆڭلى بۆلۈنگەن ئادەم يوتقانغىمۇ ئەستەر بولالماس.

كۆپ يىلقا ئارىسىدا توكۇر قۇلۇن بىلىنمەس.

كۆپكە قوشۇلساڭ ئەر بولىسەن،
كۆپتىن ئايرىلساڭ يەر (بولىسەن).

كۆپ بىلەن داۋان ئاشساڭ مەنزىلگە يېتەرسەن.

كۆپتىن يامانلىغان كۆمۈكسىز قالار.

كۆپ ئۈيۈشسا سىر ئېچىلۇر.

كۆپنىڭ غېمىنى يېگەننىڭ نېنى پۈتۈن.

كۆپ بىلەن يۈرگەن يولدىن ئازماس.

كۆپكە لازىم بولسا، كارۋان تۆگىسىنى سويار.

كۆپ ئېغىز بىر بولسا،
بىر ئېغىز يېڭىلەر.

كۆپنىڭ يۈرىكى كۈپتەك.

كۆپتىن ياخشى ئەقىل چىقار.

كۆندە كولىساڭ تاغمۇ يىقىلار.

كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس،
كەڭ ئېگىن ئۇپرىماس.

كېڭەشكەنگە كەڭ دۇنيا،
تالاشقانغا تار دۇنيا.

كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس،
تىرەكلىك تام يىقىلماس.

كىشىنىڭ يۇرتىغا كىشى كېلۇر،
خاپا قىلساڭ كىم كېلۇر.

كېڭىشىپ كەسكەن قول ئاغرىماس.

كېڭەش بىلەن پىچكەن تون كالتە بولماس.

كېڭەشسىز ئىش ــ قېلىپسىز خىش.

كېڭىشىپ ئاتقان تاش يىراققا بارار.

كېڭەش قىلسا ئەل،
بولار توققۇزى تەل.

كېڭەشلىك ئىشنىڭ كېمى بولماس.

كېڭەش ئالتۇندىن قىممەت.

كېڭەشتە كەڭلىك كۆپ.

كېڭەشچىلىك بولمىسا، دوپپاڭ بىلەن كېڭەش.

كېڭەشمىگەن ئادەم ئەمەس.

كېڭەشلىك ئىشنىڭ پۇشايمىنى يوق.

كېچىدە كۇن چىقماس،
يالغۇز قولدىن ئۇن (چىقماس).

كۆپكە يۆلەنسەڭ كۆكلەيسەن،
كۇچكە يۆلەنسەڭ تىكلىنىسەن.

كۆپنىڭ ھەققى — كۆكنىڭ ھەققى.

كۆپنى كۆپچىلىك كۆتۈرەر.

كۆپكە ئىشەنگەن مۇرادىغا يېتەر.

گۇمان ئىماننى قاچۇرار.

گۇلنىڭ تاجىسى گۇل ئارىسىدا،
يىگىتنىڭ ياخشىسى ئەل (ئارىسىدا).

لاي لايغا قوۋۇشار،
تاش تاشقا قوۋۇشماس.

مەسلىھەتلىك ئىش قىلساڭ ياغ چايناپسەن چىشىڭدا.

مەسلىھەتسىز ئىش قىلساڭ غوۋغا قاينار بېشىڭدا.

مۈشۈك مۈشۈكنى چىشلىسە، چاشقان كۈلەر.

مىلتىقنىڭ ئىچى مورا،
ئۇنى ئېتىلدۇرغان دورا.

نازىكنى ئەر كۆتۈرەر،
ئەر كۆتۈرمىسە ئەل (كۆتۈرەر).

ھايۋان سوقۇشسا دالىنى بۇزار،
ئادەم سوقۇشسا ئارىنى (بۇزار).

ھېسابتا بار، ھەمدەمدە يوق.

ئوت سوغۇقنى يېڭەر،
بىرلەشكەن ياۋنى (يېڭەر).

ئون باش — ئوڭلۇق باش،
بىر باش — مۇڭلۇق باش.

ئوقى يوق مىلتىقتىن بىر كىشى قورقار، ئىككىسى قورقماس.

ئوردا ئىناق بولمىسا، ئەل روناق تاپماس.

ئوت ئۆلغايسا، گۈلخان بولۇر.

ئوڭ قولۇم، سول قولۇم،
ھەر ئىككىلىسى ئۆز قولۇم.

ئۇۋىسى چۇۋۇلسا تۇخۇمى ساق قالماس.

ئۇرۇشمىغۇچە ئۆچ بولماس،
ئۇيۇشمىغۇچە كۇچ (بولماس).

ئۇرۇشقاق ئەلدىن قورق،
تەۋرەپ كەلگەن سەلدىن (قورق).

ئۇرۇق - تۇغقاننىڭ يېقىنى ياخشى،
ئوتۇن - ياغاچنىڭ يىرىكى (ياخشى).

ئۇيۇشقان كۇچ ئالماستىن چىڭ.

ئۆم ئەمگەكتە ئۇنۇم بار.

ئۆم بولمىسا ئەل بولماس،
بىرلەشمىسە كۇچ (بولماس).

ئۆچكە ئورۇقلۇقىنى قويغا بىلىندۇرمەس.

ئۆستەڭنى يار ئالدۇرغان بىر كەتمەن لاي،
جېدەلنىڭ ئالدىنى ئالغان ئىككى ئېغىز «ھاي!»

ئۆزىنى ئويلىغان يادار،
كۆپنى ئويلىغان ياشار.

ئۇلپەت تاپ ــ قۇدرەت تاپ.

ئېلى يەكلىگەننى قولمو يەكلەر.

ئېلىڭ قۇدرەت تاپسا،
تېنىڭ قۇۋۋەت تاپار.

ئىككى قوچقار سوقۇشسا، بۆرىنىڭ قورسقى ئاچار.

ئىككى ئۇۋچى بار يەردە توشقان قېچىپتۇ.

ئىناق ئۆسكەن شادلىنار،
ئۇرۇشقاقلار دادلىنار.

ئىناق ئەلدە ئاپەت يوق،
ئىناقسىز ئەلدە ئامەت (يوق).

ئىناۋەت تاپاي دېسەڭ توغرا سۆزلە،
بەخت تاپاي دېسەڭ ئەلنى كۆزلە.

ئىككى قوچقارنىڭ كاللىسى بىر قازاندا قاينىماس.

ئىناق ئەلدە قاياش كۆپ،
ئىناقسىز ئەلدە تالاش (كۆپ).

ئىتنىڭ گۆشىنى ئىت يېمەس.

ئىگىسىنى چىشلىگەن ئىت قان قۇسۇپ ئۆلەر.

ئىككى بىر تۇغقان بىر بولسا، يولۋاس قورقار.

ئىناق ئۆتسە ئەل بولۇر،
توققۇزى تەل (بولۇر).

ئىككى قاغا پوق تالاشسا، ئوۋچىغا پايدا.

ئىناق ئەلدە جاپا يوق،
ئىناقسىز ئەلدە ۋاپا (يوق).

ئىمام يۆتەلسە جامائەت زۇكامدار.

ئىناقسىزنىڭ سۆزى كۆل،
ئىناقلىقنىڭ يۈزى گۈل.

ئىناقلىقتىن روناقلىق كېلەر.

ئىناقسىز ئەلدە بەرىكەت يوق،
جېدەلدىن باشقا ھەرىكەت يوق.

ئىناقسىز ئەلدە ئەركە جىق،
ئىناق ئەلدە بەرىكە (جىق).

ئىككى بۇغا ئىكەشەر،
ئارىدا كۆكۈيۈن يانجىلار.

ئىككى سەتتىن گۈلدەستە چىقار.

ئىككى يېرىم — بىر پۈتۈن.

ئىناق بولساڭ يىقىلمايسەن،
يالغۇز بولساڭ قوپالمايسەن.

ئىگىسى يەكلىگەننى قوشنىسى يەكلەر،
ئەر يەكلىگەننى يەر (يەكلەر).

ئىناق ئۆتكەن گۈل بولۇر،
ئىناقسىز كۈل (بولۇر).

ئىككى كىشىكى — بىر ئادەمنىڭ خۇداسى.

ئىككى خوراز چوقۇشسا، ھەر ئىككىسىنىڭ تاجىسى
قان بولۇر.

ئىشنى قىلغىن پەم بىلەن،
مەسلىھەتلىشىپ ئەل بىلەن.

ئىككى ئاچال پاتمىغان يەرگە ئىككى يۈز ئەر سىغار.

ئىناق ئەل پاراۋان،
ئىناقسىز ئەل باياۋان.

ئىككى كېمىگە دەسسىگەننىڭ چاترىقى يىرىلار.

ئىناقلىق — باغ،
يۆلەنسە تاغ.

يالغۇز دەرەخ ئورمان بولماس،
ئىناق ئەل ۋەيران بولماس.

يالغۇز يىگىت خان بولماس،
يالغۇز ياغاچ ئۆي (بولماس).

ياخشىلار تېپىشار ھەر يەردىن بولۇپ،
يامانلار تېپىشار بىر يەرلىك تۇرۇپ.

يالغۇز قۇشنىڭ ئۈنى چىقماس،
يالغۇز قىزنىڭ مۇڭى (چىقماس).

يالغۇز تېرەك بوستان بولماس،
قوي تېرىسى ئۇلتاڭ (بولماس).

يالغۇز ئوتۇن قۇرۇق بولسىمۇ كۆيمەس.

يالغۇز ئۆينىڭ تامىقى ئۆزگە يەتسىمۇ، كۆپكە يەتمەس.

ياتنىڭ بالىسى — يېغا.

ياقىغا چىقساڭ ياقاڭ يىرتىلار.

يالغۇزلۇقتا تام قوپماس.

يالغۇز يۈرگەن يەرگە يىقىلار،
ئەل بىلەن يۈرگەن ئەلگە (يىقىلار).

يالغۇز كۆزنى ئاچقۇچە، كۆپ داۋان ئاشار.

يالغۇز ئوتۇن يانماس،
يالغۇز قويۇن ئىسسىماس.

يالغۇز قوينى بۆرە يەر.

يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس،
چېڭى چىقسىمۇ دېڭى (چىقماس).

ياخشى خوتۇن يامان ئەرنى سۇلتان قىلۇر،
يامان خوتۇن ياخشى ئەرنى ئۇلتاڭ (قىلۇر).

يالغۇزنىڭ يارى — خۇدا.

يالغۇز ئوتۇندىن يالقۇن چىقماس،
يالغۇز باتۇر غالىب بولالماس.

يالغۇزنىڭ سۆزى ئۆتمەس.

يالغۇز تارىنىڭ ئۈنى چىقماس.

يارىدەمچىڭ ياخشى بولسا، ئىشىڭ ئوڭغا تارتار.

يارىدەمچىسىز پالۋان سەپ يارالماس.

يەككە - يېگانە — ھېلىم دىۋانە.

يۆلەنچۈكۈڭ تاغ بولسا، مۈشتۈڭ بازغان بولار.

يۇرتقا پاتمىغان ھېچ يەرگە پاتماس.

يۇرت ئىتلىرى تالىشار،
بۆرە كەلسە يارىشار.

يېنىڭدا تۇرسا پۇلۇڭ توققۇز تۇرار،
ئەلدە قويساڭ پۇلۇڭ ئوتتۇز بولار.

يىغىۋالمىغۇچە ئەل بولماس،
چىگىۋالمىغۇچە بەل (بولماس).

يېقىنىنىڭ يېقىنى بار،
دەريانىڭ ئېقىنى (بار).

يىپ ئۈزۈلسە ئۇلىغىلى بولار،
كۆڭۈل ئۈزۈلسە ئۇلىغىلى بولماس.



# شەخس ۋە ئۆز ئارا مۇناسىۋەت توغرىسىدا

ئاتا بۇركۇت ئايرىم ئۇچار،
بالا بۇركۇت جۈپ (ئۇچار).

ئات كۆتۈر ئوبدان بىلەن،
سۇ كۆتۈر ئاپتۇۋا بىلەن.

ئاياش يولى باشقا،
قاياش يولى باشقا.

ئاتىنىڭ سىرى ئېگىسىگە مەلۇم،
قىزنىڭ سىرى مەھەللىسىگە (مەلۇم).

ئاخىرەت ئىززىتى كېرەك بولسا، پېقىرلار بىلەن كىڭەش قىل.

ئادەم ئۆزىدىن،
تاغار بۆزىدىن.

ئاللا بەرمىگەننى موللا بەرمەس.

ئالتۇننى تاپماق ئاسان،
سىرداشنى تاپماق تەس.

ئالدىدا قول قىقىشىپتۇ،
ئارقىدا پۇت تېپىشىپتۇ.

ئاسقانىدا گۆش بولسا، دوستۇڭغا يارايسەن.

ئات تەپكەن هارمۇ، ئېشەك تەپكەنمۇ؟

ئات بار يەردە، ئېشەككە يول بولسۇن،
دوست بار يەردە، ھېسابقا پۇل (بولسۇن).

ئاغىنە ساپ بولسا،
تاشلىقتا ئات (بولسا).

ئامىتىمنىڭ بارىدا تۆمۈر بوجاڭ دەيسەن مېنى،
ئامىتىمنىڭ يوقىدا تۆمۈر گالۋاڭ دەيسەن مېنى.

ئاش كەلسە ئاغزىڭنى ئاچ،
سۆ كەلسە سۆڭگۈچنى (ئاچ).

ئاداش تۇتساڭ قېرىنى پىدا قىلغۇر جېنىنى.

ئادەمگە ئادەم لازىم،
ئېشەككە سامان (لازىم).

ئاغرىمىغان بېشىمغا ئالتە تاياق.

ئادەمنىڭ مېھرى ئاپتاپتىن ئىسسىق.

ئادەمنىڭ ئىچىدە ئادەم بار.

ئاللىيار بىلەن مولليارنىڭ ئىشى يوق.

ئاۋۋال يول قوي،
كېيىن قول قوي.

ئالا قاغىدا ئىلىشىڭ بولسا، ئامانلىق كېرەك.

ئالا قاغىدا ئىلىشىڭ بولسا، بىر كۈنى ئالارسەن.

ئاق تىكەن تىكەنمىدى چۈشەنگىلى،
خەق دېگەن ئاتاڭمىدى ئىشەنگىلى.

ئاغزىم غىزا تونۇماس،
كۆزۈم ئادەم (تونۇماس).

ئارسلاننىڭ سىرىنى يولۋاس بىلمەس.

ئاز قايغۇنى ئاش باسار،
كۆپ قايغۇنى دوست (باسار).

ئاق قۇشقاچ ئاق قۇشقاچ ئۈچۈن دان بەرگۈدەك،
بىر تۇغقان بىر تۇغقان ئۈچۈن جان (بەرگۈدەك).

ئالدىدا ھى ... ھى، كەينىدە خى ... خى.

ئالتۇننى بىلىش ئاسان،
ئادەمنى بىلىش قىيىن.

ئانىسى يەكلىگەننى بالىسى چوقۇر.

ئايىنىپ كەتكەن دوست ئەمەس.

ئاڭلىمىغان سۆزنىڭ ئىگىسى يوق،
يىغلىمىغان بالىنىڭ ئىنەسى (يوق).

ئالدامچى يەپ قاچار،
يۈزسىز شالىنى چاچار.

ئادەم ئېغىلدا ياشىسا، ئېشەكنىڭ خۇيىنى ئالار.

ئادەم ئۆلمىگۈچە رەھمەتلىك بولماس.

ئاداۋەت قىلسا كىشىگە،
مۇشكۇل چۈشەر بېشىغا.

ئادەمگەرچىلىك ئادەم ئۆلتۈرەر.

ئاق قۇشقاچنىڭ تۇغقىنى يوق،
تامدىن دوملاپ ئۆلگىنى (يوق).

ئەرنى ئېغىرچىلىق ئىچىدە تاللا.

ئەرباب بىلەن جودا قىلما،
غوجام بىلەن سودا (قىلما).

ئەقلى يوق دوستتىن يامانلار،
قورسىقى توق تاماقتىن (يامانلار).

ئەمەلدارغا ھىجايغان پۇقراغا ھومىيار.

ئەلگە كىرسەڭ ئىلىڭچە،
سۇغا كىرسەڭ بىلىڭچە.

ئەلچىگە ئۆلۈم يوق،
نەيچىگە تىنىم (يوق).

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دىسە، بەش تەڭگەمنى بىرىڭ دەپتۇ.

ئەگرى قوزۇققا قىڭغىر توقماق.

ئەر قانىتى — دوست.

ئەل رازى — خۇدا رازى.

ئەقىلسىز بىلەن پولۇ يىگۈچە،
ئەقىللىق بىلەن تاش يىگەن ياخشى.

ئەخمەق بىلەن دوست بولما، ئىشىڭنى بۇزار.

بارنىڭ يۈزى تاۋاقچە،
يوقنىڭ يۈزى تىرناقچە.

باشقىنى ئىززەتلىگىنىڭ،
ئۆزۈڭنى ئىززەتلىگىنىڭ.

باش تىققۇدەك ئۆيى يوق،
دوست دېگۈدەك خۇيى (يوق).

بار ئاغىنە ئىززەتكە لايىق.

بار ئاغىنە — ئۇرۇق - تۇغقان،
يوق ئاغىنە — يات.

بار تاۋىقىم، يان تاۋىقىم،
هۆل بېرىپ قۇرۇق يانساڭ،
يېرىم يولدا سۇن تاۋىقىم.

بارارسەن ئاكاڭ قېشىغا،
كېلەرسەن غوجاڭ قېشىغا.

بارىنى موماممۇ قىلار،
يوقىنى كىم قىلار؟

بارغۇچە ئاللا - خۇدا،
يانغۇچە قالدى قۇدا.

باشقىلارنى رەنجىتكەننىڭ يولى توسۇلار.

بەش پۇلۇمنىڭ بارىدا هوشۇر بېگىم دېدىڭىز،
بەش پۇلۇمنىڭ يوقىدا هوشۇر چوقۇر دېدىڭىز.

بەگكە يارىغۇچە، قوۋۇقچىغا يارا.

بەرسە ئابلاخۇن، بەرمىسە ئابدۇل كانتۇ.

بۆرىنىڭ تىلىنى بۆرە چۈشىنەر.

بولۇشساڭ خانغا بولۇش.

بۇلبۇل گۇل بار يەردە،
ھۆرمەت دوست بار يەردە.

بۇغداينىڭ باھانىسىدە قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ.

بېرىپ باق، ئېلىپ باق.

بىلەك بىر بولسىمۇ بارماق باشقا.

بېلىققىمۇ باش كېرەك.

بىر ماڭغانغا يول بولماس،
بىر سۆيگەنگە دوست (بولماس).

بېرىپ يامان بولغۇچە، بەرمەي يامان بول.

بېرەي - بېرەي دەيسەن، قولۇمغا سالمايسەن.

بىلمىگەن يار بولماس،
بىلگەن خار (بولماس).

بىر كۆنلۈككە ئات ئۆلمەس،
ئىككى كۆنلۈككە ئىگىسى بەرمەس.

بىرنى ئەسكى دىسەڭ، مىڭنى ئالدىڭدىدۇر.

بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان.

بىدە تاپساڭ ئاتقا بەر، سامان يېسۇن كاللار،
گۆشنى تاپساڭ ئۆزۈڭ يە، تېپىپ يېسۇن باللار.

پىر پىرغا يېتەر.

پادىشاھنىڭ كۆزىدە بولمىساڭمۇ، كۆڭلىدە بول.

پاقىغا يالغۇزغىچە سۇغا سەكرەپ چۈش.

پاقا بىلەن يىلاننىڭ تىلى بىر.

پادىچى پوستەكچى بىلەن دوست بولالماس.

پالتا بار يەردە كەكە تۇرماپتۇ.

پاختەكتە بار كۆڭۈل تورغايدا يوقمۇ؟

پايدىسىز كېلىشىمدىن پايدىلىق ئۇرۇش ياخشى.

پۇلنى دوست تۇتقۇچە، دوستنى ئۆز تۇت.

پەرىشتە دىۋىگە ھەمراھ بولسا، دىۋىنىڭ خۇيىنى ئالار.

پوققا چالما ئاتساڭ، ئۆزۈڭگە چاچرار.

— پۇل نەگە بارىسەن؟
— تۇغقاننى يات قىلغىلى.

پۇلسىز بازارغا بارماڭ،
جورىسىز مەشرەپكە (بارماڭ).

پۇراقسىز گۇلدىن غازاڭ ياخشى،
ۋاپاسىز دوستتىن ساراڭ ياخشى.

پۇل تېپىپ قەشقەردە خەجلەڭ،
نان تېپىپ جانبازدا يەڭ.

پۇلى بولسا قۇللار،
بولمىسا قوغلار.

پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال،
ئاغرىمىسا كىشىگە (سال).

تاغقا چىقسا كېيىك بولۇر،
سۇغا كىرسە بېلىق (بولۇر).

تام توقىچى گەپ تاپسا، تام پوتلىسىغا دادلار.

تاش بىلەن ئۇرغاننى ئاش بىلەن ئۇر.

تەلۋىنىڭ تېرىسى قېلىن،
تەلۋە كېلىنگە يېلىن.

تور باغلىمىغان ئۆمۈچۈك ھاشارات تۇتالماس.

تويدا كەلگەن دوستۇڭنى ئۆلۈمدە سىنا.

توغرا قىلساڭ ئاتىقىڭ چىقار،
خاتا قىلساڭ چاتىقىڭ (چىقار).

تونۇشى يوق مۇساپىر قارىغۇدىن بەتتەر.

تۇغقىنى يوقنىڭ يۈكى يوق،
دوستى يوقنىڭ يولى يوق.

توي ئوينالڭ تويچى بىلەن،
قوي بېقىڭ قويچى بىلەن.

تويدا ئىشتىنىمنى بەر دەپتۇ.

توشقان ئۆلسە، تۈلكە ھەسرەتتە قاپتۇ.

تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق.

تۆگىنىڭ خۇيىنى مەتەر بىلەر.

تۆمۈرچى كۆمۈرچى بىلەن دوست.

تۆر بېشىدىكى بىلەن چىقىشقۇچە،
قازان بېشىدىكى بىلەن چىقىش.

توكۇر چوكاننىڭ مايماق ئاشنىسى بار،
قارىغۇ يىگىتنىڭ جىرتاق ئادىشى بار.

تۈلكىنىڭ سوئالىغا خورازنىڭ جاۋابى بار.

تۈل خوتۇن گەپكە يېقىن،
تەمەخور نەپكە (يېقىن).

تۇرنىدىن قاراۋۇل قويساڭ، تۆپەڭدىن قۇش ئۆتمەس.

تۈلكە ھىيلىگەر بولسىمۇ قاپقانغا چۈشەر.

تېپىشمىغۇچە ئېلىشماس،
ئۇرۇشمىغۇچە قېنىشماس.

تىرىك ئىززەتكە تويماس،
ئۆلۈك دۇئاغا (تويماس).

تىنار بولساڭ تۇردەك بول،
سوغۇق بولساڭ مۇزدەك بول.

جانمۇ جان ئۆزىنىڭ جېنى،
كىشىنىڭ جېنى ئىتنىڭ جېنى.

چەينەك پىيالىگە ئېگىلسە،
پىيالە ئېغىزغا ئېگىلەر.

چاياندىن ئىلتىپات كۈتمە،
زالىمدىن شەپقەت (كۈتمە).

چوڭ چولدا كىچىك بىلىقمۇ ئوينار.

چوڭ چۆچەككە چاي قۇيسام، كىچىكىگە دەز كەتتى.

چىدىغانغا چىقارغان.

چىرايلىق كىيىنسە ئاق كۆڭۈل دېمە،
يىرتىق كىيىنسە قارا كۆڭۈل (دېمە).

چوڭ ئىززەت قىلسا، كىچىكى ھۆرمەت قىلار.

چىراي كۆرۈپ ھال سورا.

خالتىدا تالقان بارىدا مەندەك يوقتۇر مەرد كىشى،
خالتىدا تالقان تۈگەپتى يوقتۇر مەندەك سەت كىشى.

خان بىلەن چىقىشقۇچە، قوۋۇقچى بىلەن چىقىش.

خانغا يارىغان بېشىم، تازغا يارىماپتۇ.

خىلى - خىلى بىلەن،
كەكە سېپى بىلەن.

خىلى - خىلىدا ياخشى،
پىچاق قىنىدا (ياخشى).

داستىخانغا باققان دوست ئەمەس.

داپقا بېقىپ ئۇسسۇل،
ئىمانغا بېقىپ رۇسۇل.

دەم ـــ غەنىيمەت،
دىدار ـــ غەنىيمەت.

دەرد كۆرگەن دەردنى بىلەر،
دەرد كۆرمىگەن نېمىنى (بىلەر).

دوستۇڭغا دۇشمەن بولاي دېسەڭ مېلىنى باق.

دوستۇم دېسەڭ كىشىنى،
بىلىپ باققىن ئىشىنى.

دوستۇڭنى يىغلىغاندا تاپ،
دۇشمىنىڭنى كۈلگەندە (تاپ).

دوستۇڭ كۆپەيسە كامال تاپىسەن،
دۇشمىنىڭ كۆپەيسە زاۋال (تاپىسەن).

دوستۇڭنى ئۈچ كۈن سىنىما، ئۈچ يىل سىنا.

دوستۇڭنىڭ كۆڭلىنى كۆكسۈڭگە باس.

دوستۇڭ دوست بولسۇن،
ھېسابىڭ دۇرۇس (بولسۇن).

دوستى يوقنىڭ ھۆرمىتى يوق.

دوستنى داستىخان تاپار.

دوستۇڭغا قەست قىلغىنىڭ ـــ
ئۆزۈڭنى پەس قىلغىنىڭ.

دوستلىرىڭ يوق باغدىن دوستلىرىڭ بار تاغ ياخشى.

دۈشمەنگە باش ئەگسەڭ دەسسەر،
دوستۇڭغا قول سۇنساڭ ئەسلەر.

دىلى توغرىنىڭ تىلى توغرا.

سالاغا پاتمىغان گۆرگە پاتار.

سايدا تاشنىڭ ئەتىۋارى يوق.

سىنالغان شەيتان سىنالمىغان پەرىشتىدىن ياخشى.

سىيىر سىلىغاننى بىلمەس،
يامان ئايىغاننى (بىلمەس).

سەن تۇگىساڭ مېنى، مەنمۇ تۇگايمەن سېنى،
سەن تۇگىمىساڭ مېنى، پىتىممۇ تۇگىمايدۇ سېنى.

سەن مېنى كىشى دېسەڭ، يانچۇقۇمدا كىشمىشىم،
سەن مېنى كىشى دېمىسەڭ، سېنىڭ بىلەن نېمە ئىشىم.

سەنمۇ شۇك، مەنمۇ شۇك،
ئوتتۇرىمىزدا قارا مۇشۇك.

سوقۇشقاق خوراز سەمرىمەس.

سول قولۇڭدا تاش بەرسەڭ، ئوڭ قولۇڭدا گۆھەر ئالىسەن.

سۇلايمان ئىبراھىمدىن قورقار،
ئىبراھىم خۇدادىن قورقار.

سۆڭەكنى غاجىلىغان بىلەن ياغ چىقماس.

سېخىي دوست جانغا ئەسقاتار،
بېخىل دوست نانغا (ئەسقاتار).

سىز بىز بىلەن،
بۆز كېۋەز بىلەن.

شامالنىڭ بېشى غۇر - غۇر، ئاخىرى قۇيۇن،
ئويۇننىڭ بېشى ئويۇن، ئاخىرى چويۇن.

شەيتان پوستۇڭدىن چىقار،
پاسات دوستۇڭدىن (چىقار).

شەيتاننىڭ بايرىمى تولا.

شۇك تۇرسىلا ياۋاش دېمە،
كۇلۇپ تۇرسىلا ئاداش (دېمە).

غەيۋەتچىنى دوست تۇتساڭ ئابرۇيۇڭ چۇشەر،
ياخشىنى دوست تۇتساڭ ئابرۇيۇڭ ئۆسەر.

غېرىچلاپ دەسسەپ، غولاچلاپ ئۆلچەر.

قول ئىچىگە ئېگىلەر.

قوشناڭ تاز بولسا، بېشىڭنى تاتىلا.

قېرى مۈشۈك چاشقان تۇتالماس.

قاغا بىلەن تېزەك ئۈستىدە تېپىشىپتۇ.

قارىدىم نېمە بولدى،
ھە ! دېدىم نېمە بولدى.

قارىغۇنى قارىغۇ يېتەكلەر.

قالپىقى يوق كادىن قانتى يوق سار ياخشى.

قاغا بىلەن كەپتەر دوست بولماس.

قاغىلار قاق ئېتەر،
ئۆز كۆڭلىنى شاد ئېتەر.

قاسساپ دوستىغا سۆڭەك بېرەر.

قاچقاندىن قاچ،
يانداشقانغا يانداش.

قارىمۇقنىڭ دانىسى بولغۇچە، بۇغداينىڭ سامىنى بول.

قەلەندەردىن نان تىلەپتۇ،
ئۆلۈكتىن ئىمان (تىلەپتۇ).

قورقۇنچاق بىلەن دوست بولساڭ ئىشىڭنى بۇزار،
دۈشمەن بىلەن دوست بولساڭ بېشىڭنى ئۈزەر.

قول بەرگەنگە يول بەر.

قول قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيار.

قوشناڭغا مەسلىھەت سال،
ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىنى قىل.

قوشنى قوش ئوۋلار.

قوشنىنىڭ قوش كۆرۈنەر،
پوردىقى مۈشت (كۆرۈنەر).

قورت ياغاچنى ئىچىدىن يەر.

قېچىر ئاتنى چوڭ دادام دەر.

قېلىنلىقىم — دۆلىتىم،
نېپىزلىكىم — سۆلىتىم.

قىرىق ئاشچىدىن بىر باشچى ياخشى.

قىزىل كۆزدىن ۋاپا كەلمەس،
قوي كۆزدىن جاپا (كەلمەس).

كەتمەنگە ساپ ياخشى،
ئادەمگە دوست (ياخشى).

كۆرسە يالاپ تويماس،
كۆرمىسە تالاپ (تويماس).

كۆتى ياغلانغان ئېشەك هاڭرىيالماس.

كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر.

كۆلنىڭ ئېتىنى بېلىقى چىقىرار.

كۆز يېشى تاشنىمۇ ئېرىتەر.

كىشىنىڭ بەرگىنى يىللىق بولماس.

كۆرگەننى كۆتلىگەن يەڭدەيدۇ.

كۆرسە هالى يوق،
كۆرمىسە كارى (يوق).

كۈچۈك ئىگىسىدىن بىسوراق سىيمەس.

كۈندە كېلىپ كۈندە كېتىڭ،
يولچە كېلىپ يولچە كېتىڭ.

كىم بىلەن بىللە بولساڭ كىملىكىڭ مەلۇم بولۇر.

كىشىنىڭ هالىغا كىشى يەتمەس.

كىچىكنىڭ يۈزى ئىچىلغۇچە، چوڭنىڭ كۆتى ئىچىلار.

كېرەك بولسا تېرەك يىقىلار.

كېسەل بىلەن ئۇرۇشساڭ جېنىڭنى ئالار،
ئوغرى بىلەن ئۇرۇشساڭ پۇلۇڭنى (ئالار).

كىشىنىڭ تامىقىنى يېسەڭ تىلىڭ قىسقىرار،
سوۋغىتىنى ئالساڭ قولۇڭ (قىسقىرار).

كېسەلنى يوقلا، گەپ سورىما.

كىشى نان تەڭلىسە يېمەيمەن دېمە،
قولۇڭغا ئال، يېمىسەڭمۇ يېمە.

كىشىنىڭ ھالىغا كىشى يەتمەس،
تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە (يەتمەس).

كەت دېسە ئىتمۇ كېتەر.

كۆڭلۈڭگە ياقمىسا، كۆزۈڭگە ياقماس.

كىشىنى خارلىغان ئۆزى خارلىقتا قالار.

كىشى مېنى دېسە، كىشى بىلەن مېنىڭ ئىشىم،
كىشى مېنى دېمىسە، كىشى بىلەن نېمە ئىشىم.

كىشىدىكى نەرسە ــــ خۇدادىكى نەرسە.

كىمنىڭ سىرىنى كىم بىلۇر،
كىم ياراتسا شۇ بىلۇر.

كىشىگە كۆلسەڭ ئۆزۈڭگە يىغلارسەن.

كىشىنى بىلەي دېسەڭ دوستىنى بىل.

كىشىگە قىلغان ئۆزگە قىلار.

گۆپاسى يوق تۇغقاندىن گۆپاسى بار يات ياخشى.

گۆرگە كىرگەن تىرىك چىقماس،
ئۆيگە كىرگەن قۇرۇق (چىقماس).

گۈلنىڭ تىكىنى بولىدۇ،
دوستنىڭ ئەيىبى (بولىدۇ).

گۈزەل يولدا قويار،
قاراقچى چۆلدە (قويار).

مالنى تاپقانغا باقتۇر،
ئوتۇننى چاپقانغا ياقتۇر.

مال كۆتۈرەر ئۆلۈمنى،
دوست كۆتۈرەر كۆڭۈلنى.

مەن ئىشەندىم ئېلى تازغا،
ئېلى تاز ئىشەندى ئەتىيازغا.

مەيلى بارغا مايىل بول.

مەست بىلەن ماڭساڭ ماڭ، پەس بىلەن ماڭما.

مۇڭلۇق مۇڭ تۆكسە، مۇڭسىز بىگىز تەڭلەر.

مۇڭلۇق مۇڭ سالسا، مۇڭسىز ئىشتان سالار.

مېنىڭ ئىشىم سەن بىلەن،
سېنىڭ ئىشىڭ كىم بىلەن.

مىڭنىڭ چىرايىنى تونۇغۇچە، بىرنىڭ ئېتىنى بىل.

مەن ياخشى، سەن ياخشى،
تونۇر قىزىق نان ياخشى.

مىنگىلى ئات ياخشى،
ئوينىغىلى يات ياخشى.

نامەردكە دوست بولغۇچە،
مەردنىڭ قۇربانى بول.

نارنىڭ تىلىنى سەربان بىلەر.

نۇقسانسىز دوست بولماس،
سۆڭەكسىز گۆش (بولماس).

نىيىتى يامانىنىڭ يېنىدىن قاچ،
مىننەتخورنىڭ نېنىدىن (قاچ).

نوچىنىڭ ھە ـ ھۆچىسى بولار،
پوچىنىڭ پۆدەكچىسى بولار.

ھاياتلىقىمدا ئەيلىمىدىڭ ياد،
ئۆلگىنىمدە چەكمىگىن پەرياد.

ھاسا ئوغرى بىلەن مۇسا ئوغرى بىر تۇغقان.

ھەممىگە دوست ـــ ھېچكىمگە دوست ئەمەس.

ھۆرمەت باشقا ئاقار،
كۆيۈم ئاياغقا (ئاقار).

ھېزى قوي ئۆلتۈرسە ـــ تىرنا يىغلار.

ھىممىتىڭ زىيادە بولسا، ئوغۇللىرىڭ پىيادە قالماس.

ھەمراھىڭ ئىت بولسا، قولۇڭدىن كالتەك چۈشمىسۇن.

ھۆرمەت قىلساڭ چوڭغا،
ئىشىڭ تارتار ئوڭغا.

ھېسابلىق دوست ئايرىلماس.

ئوقۇرۇڭ ئېگىز بولسا، ئاتتىن قۇرۇق قالىسەن،
كۆلچىكىڭ تېيىز بولسا، سۇدىن قۇرۇق قالىسەن.

ئون مادا تەخەيلىسە، بىر ھاڭگىنىڭ كۆتى ئاغرىماس.

ئوۋ ئوۋچى بىلەن،
توي تويچى بىلەن.

ئوت تەپتىدىن بىلىنەر،
ئادەم ئەپتىدىن (بىلىنەر).

ئوت تۆمۈرنى ئېرىتەر،
كۆز يېشى كۆڭۈلنى (ئېرىتەر).

ئوغرىنى قاراقچى ئۇرۇپتۇ.

ئۇماچىنىڭمۇ ئۆتنىسى بار.

ئۇ سېنىڭچە بولمىسا، سەن ئۇنىڭچە بول.

ئۇزاق ئولتۇراي دېسەڭ ئۆيۈڭنى ئۇلدات،
بەختلىك بولاي دېسەڭ دوستۇڭنى غولدات.

ئۇلىغىڭنى بەزە قىلساڭ ئۆلتۈرىسەن،
دوستۇڭنى بەزە قىلساڭ يىغلايسەن.

ئۆيۈڭگە يولاتما قېرى دەللىنى،
كىرىپ - چىقىشتا بۇزار پەللىنى.

ئۆيگە چىقىشتىن ئاۋۋال قوشنا ئىزدە،
يولغا چىقىشتىن بۇرۇن دوست ئىزدە.

ئۆينىڭ ئىگىسى بولمىسا، ئۆچكىنىڭ ئېتى ئابدۇراخمان.

ئۆزىنى بىلگەن خار بولماس.

ئۆلسە ئىگىسىنى تاپ،
تىرىك بولسا يارىسىنى (تاپ).

ئۆزىڭىز بىر پۇل،
خەلقىڭىز مىڭ پۇل.

ئۆز نەپسىدىن كەچمىگۈچە، كىشىنى خۇش قىلغىلى بولماس.

ئۆتنە ئارىسىغا سۇ كىرمەس.

ئۆزىنى كۆرسە يۈزى، ئۆزىنى كۆرمىسە گەجگىسى.

ئۆلۈكىدە ئۆرە تۇردۇم،
تىرىكىدە تىك تۇردۇم.

ئۆزۈڭنىڭ كالىسىنى ئايىغۇچە،
دوستۇڭنىڭ كۆڭلىنى ئايا.

ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەي دېسەڭ،
باشقىلارغا ئەلچى كىرگۈزۈپ باق.

ئۆزۈڭنىڭ ئۆزۈڭگە يەتسە، كىشىگە نېمە ھاجىتىڭ.

ئۆزۈڭ ساقلىمىغان سىرىڭنى دوستۇڭ قانداق ساقلار.

ئۆزى يوق، سۆزى يوق،
كۆزى يوق، يۈزى يوق.

ئۆتنە بەرسەڭ يېرىم بولۇر.

ئۆزۈڭدە يوق ـــ ئالەمدە يوق،
كىشىدە بار، پايدىسى يوق.

ئۆزدىن ئاشسا ياتقا.

ئۇركۈيدىغان ئېشەك ئۆزىنىڭ سايىسىدىنمۇ ئۇركۈيدۇ.

ئۇزۇمنى تاتلىق دېسەم قورساقنى ئەستى.

ۋاپادار دوست ئاخىرەتكىچە.

ئېگىز ئادەم ئىزا تارتسا، قارىغىلى يەر تاپالماس.

ئېشەك سامانغا كۆنۈك،
خۇشامەتچى سالامغا (كۆنۈك).

ئېشەكنىڭ قېرىسى چىشىدىن ئايان،
ئادەمنىڭ قېرىسى ئىشىدىن (ئايان).

ئېيتقان تويغا بار،
ئاڭلىغان ئۆلۈمگە (بار).

ئېگىز ئوقۇرغا بويى يەتمەي،
ئېڭىكى يېغىر بوپتۇ.

ئېغىز يېسە يۈز ئۇيىلار.

ئىت ئۈرەر، كارۋان يۈرەر.

ئىت يېگەندىن بۆرە يېگەن ياخشى.

ئىتنى سۆڭەك بىلەن ئۇرساڭ ھاۋشىماس.

ئىتىڭ بۆرە بىلەن ئوينىسا، قويۇڭدىن قولۇڭنى يۇ.

ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن.

ئىككى يامان دوستلاشتى،
ياخشى بىلەن خوشلاشتى.

ئىچى كۆيمىگەننىڭ قوڭى قىچىشماس.

ئىت ئاغزىغا سۆڭەك.

ئىت بىلەن خامان يانجىساڭ، پوق بىلەن چەش ئالىسەن.

ئىچ كۆيەرىڭ بولمىسا،
ئىچىم كۆيىدۇ دېمە.

ئىت ئىتنى بۇيرۇسا،
ئىت قۇيرۇقىنى بۇيرۇر.

ئىگىسى يوق ئىت تالاشماس.

ئىت بىلەن قۇدا بولساڭ، سۆڭەك بىلەن توي قىلارسەن.

ئىككى كۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇرۇن بولمىسا، ئوڭ كۆز سول كۆزنى يەر.

ياخشى ئاتقا بىر قامچا،
ئەسكى ئاتقا مىڭ (قامچا).

يامانلىغانغا يامان قوينىڭ كاللىسى.

ياغچى بىلەن قوشنا بولساڭ، باي بولىسەن،
قاسساپ بىلەن قوشنا بولساڭ قەرزدار (بولىسەن).

يامان يولداشتىن تاياق ياخشى،
يامان ئاتتىن ئاياغ (ياخشى).

يالغان دوست ئىشىكىڭغا كېلەر،
چىن دوست ئىشىكىڭغا كېلەر.

يامان دوست يالغان بىلەن قىرغا چىقار.

ياخشى بولسا ئۆزىدىن كۆرىدۇ،
يامان بولسا كىشىدىن (كۆرىدۇ).

ياخشى كىيىم تەنگە ئاراملىق،
ياخشى دوست جانغا (ئاراملىق).

يامانغا ياخشىلىق قىلىش ئەسلىي خاتادۇر،
قوتۇر ئىشەككە بوغۇز بەرسەڭ شىلتىڭ ئاتادۇر.

ياغاچچىنىڭ رەندىگە ھاجىتى چۈشەر،
بەندىنىڭ بەندىگە ھاجىتى چۈشەر.

يات يېگۈچە دوست،
تۈغقان ئۆلگۈچە (دوست).

يامانىنىڭ سۆيىنى ئەكەلگۈچە قاپىقىنى چاق.

يامانغا يېلىن، ياخشىغا يېرىل.

ياغ يېگەندە يات ياخشى،
دەرد تارتقاندا قېرىنداش (ياخشى).

ياخشى دوست جان ئوزۇقى،
يامان دوست جان قوزۇقى.

ياخشى جېنىڭغا يولداش،
يامان پۇلۇڭغا (يولداش).

ياخشى كۈندە يات ياخشى،
يامان كۈندە قېرىنداش (ياخشى).

ياخشى ئەر ياخشى ئەرگە پەت قويماس.

ياۋاش كېيىك ئوۋچىغا ئۇچرار،
ھەۋەس خوتۇن نوچىغا (ئۇچرار).

ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە.

يول بەرمىگەن قول بەرمەس.

يۈزى بارغا سوۋغا كېلەر،
يۈزى يوققا دورغا كېلەر.

يېرىڭ ئاياغدا بولسا، قىزىڭنى مىرابقا بەر.

يېگەننىڭ تىلى قىسقا،
ئالغاننىڭ قولى (قىسقا).

يىراقتىكى سۇ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالماس.

ياخشى بىلەن يېيىشكىن،
يامان بىلەن دېيىشكىن.

ياتنىڭ ئوتىنى پۈۋلەپ ساقىلى كۆيۈپتۇ.

ياماندىن قۇتۇلماق تەس،
ياخشىغا يېتىشمەك تەس.

ياماننىڭ خۇيىنى تارتقۇچە، ئىتنىڭ خۇيىنى تارت.

ياماننى يار تۇتما.

يولۋاس يوق يەردە ئېيىق چوڭ،
كېمە يوق يەردە قېيىق چوڭ.

يۆلىكى تاغنىڭ يۈرىكى تاش.

يېڭى تۇماقنىڭ يىرتىقى يوق،
ھالال ئىشنىڭ پۇتىقى يوق.

يىقىلاي دېگەن تامنى ھەركىمنىڭ ئىتتەرگۈسى كېلەر.

يىلتىزلىق دەرەخنى بوران ئالالماس.

يىراق بولسا كىشنىشەر،
يېقىن بولسا چىشلىشەر.



Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMDk5NjEuemlw",
"filename_decoded": "40209961.zip",
"filesize": 19605751,
"md5": "efb50365377998235864e6c267c19563",
"header_md5": "2ae6302cbb438162d392eb59cd2e6c6d",
"sha1": "944507aea93f0f01ccbd2a9fe9a384a897ca111d",
"sha256": "5b4e70c618f42c6f0e0d6fd46efb917da29ea9c78d6bf6dca4efc94963b2efce",
"crc32": 2801295890,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 21279523,
"pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2564\u03a6\u2559\u2229\u2554\u2567\u2593\u00df \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209961",
"pdg_main_pages_found": 395,
"pdg_main_pages_max": 395,
"total_pages": 405,
"total_pixels": 1546109952,
"pdf_generation_missing_pages": false
}